مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLKLITERATURE

MIRAS 美拉斯 MIRAS



# ميراس

6
2005

ISSN 1004-3829
12>
9 771004 382027



شىنجاڭ لوپ قەلىب ئۇيغۇر ياغاچ قول ھۈنەر- سەنئەتلىرى



شىنجاڭ لوپ قەلىب ئۇيغۇر قاپاق قول ھۈنەر - سەنئەتلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!





قوش ئايلىق ژۇرنال
2005 ـ يىل 6 ـ سان






(ئومۇمىي 92 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسهاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:
**ئەسقەر مەخسۇت**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
باھاسى: 5.00 يۈەن


## ماياك


ئىناقلىق ـ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ............... **مىجىت ناسىر (1)**


## ئادەت تېرىماس


ئۇيغۇرلاردا ئۇۋچىلىق ............................ **يۇسۇپ ئىسهاق (5)**
چۆچەك ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى ...................
................ **مەمتىمىن ئابدۇخالىق، گۈلمېھرى سەلىم (43)**


## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر


دادام ئېيتقان ھېكايىلەر ...... تەييارلىغۇچى: **ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (9)**
ئۇيغۇر «چايخانا»سى ئەنگلىيىدە .......... **ئىمىنجان ئابدۇرېھىم (70)**


## ئايدىڭ كېچىلەر


مۇھەببەت ئىزھارى ........................................ **(19)**


## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار


ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت ......... **نۇشىرۋان يائۇشېۋ** (روسىيە) **(21)**


## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار ........................................ **(40)**

### ساقلىق ـ شىپالىق

ئوردا رېتسېپلىرى ........................ هاپىز نىياز (49)

### ئەل گۈلىنىڭ پۇرىقى باشقا

دوستلۇق ۋە بايلىق .................... قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (61)
ئاپام شۇنداق دېگەن ........................................ (74)

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئىما ـ ئىشارەت تىلىنىڭ بېشارەت بېرىش رولىدىن تۇرمۇش ئادەتلىرد-
مىزگە نەزەر ................................ تۇردى مۇھەممەد (63)

### يېزىنىڭ يېزىلىقىدا

گۈلجامال ................................................ (65)

### ئاتىلار سۆزى

ماقال ـ تەمسىللەر ............ توپلىغۇچى: ئا. ئى باھاۋۇدۇن تارىخ (73)

### تىلنىڭ تۈزلىكى ئالتۇن

ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس .................................. (75)


**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2004 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باھاسى 35 يۈەن، توپ باھاسى 30 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتمىن

تېلېفون: 8914609، 8177315، 4554017 (0991)


**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جاي-لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شە-ھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22ـنومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىل-گەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرى-ڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە-بىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىس-نىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
主办: 《美拉斯》编辑部 (乌市友好南路22号文联14层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65－1130/I 国外统一刊号: ISSN1004－3829 邮编: 830001 代号: 58－60 定价: 5.00元


**مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: خانىش ھاپىز لايىھىلىگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مىللىي كىيىمى**

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى



# ئىناقلىق ـ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلپى

مىجىت ناسىر

كىشىلىك ھاياتتا ياشلىق ئەڭ سەمەرىلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك بىر دەۋردۇر. ياشلىقنىڭ گۈزەل لەھزىسى ھاياجانلىق، روھلۇق، مۇھەببەتلىك بولىدۇ. دۇنيادىكى جىمىكى گۈزەللىك ياشلىقنىڭ زىباسى بىلەن پىنھان دەقىقەلەردە پىچىرلىشىپ تۇرىدۇ. ياشلىقتىكى بىغۇبار قەلبلەر دۇنيا زىددىيەتلىرىنى ئانچە ئېتىبارغا ئالماستىنلا پارلاق كەلگۈسىگە تەلپۈنىدۇ. ياشلار ئۈچۈن كەلگۈسى ئەڭ سىرلىق نىگاھلار بىلەن بېزەلگەن زامان ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى كەلگۈسىنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. ياشلارنىڭ قەلبىدە غايىۋى ئورۇن تۇتۇۋاتقان ئاشۇ گۈزەل كەلگۈسى نېمىلەرگە بەكرەك موھتاج؟ ئەلۋەتتە ئىناقلىق ۋە ھەقىقەتكە موھتاج. ئىناقلىق ئىنسان قەلبىدىكى ئىزگۈلۈك بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچ ۋە سەممىي دوستلۇقنى نامايان قىلىدۇ. كۈچلۈك ھەقىقەت بىلەن يورۇتۇلغان جەمئىيەت مۇكەممەل ئاساسقا ئىگە جەمئىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا كەڭ ـ كۇشادە ئىجتىمائىي سورۇن ھازىرلانغان بولىدۇ. ئىناقلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئەنئەنىسى ھازىرقى دۇنيادا ھەربىر دۆلەت، ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر ئائىلە ھەتتا ھەر بىر شەخسلەرگىچە تولىمۇ قىممەتلىك كىشىلىك خىسلەت بولۇپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. بىزنىڭ تەدرىجىي ھالدا يېڭى دەۋرگە كىرىش مۇساپىمىزنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ قايتىدىن قۇرۇلۇۋاتقان تۇرمۇش، ئىجتىمائىي قاتلام، ئەخلاق ئەندىزىسى قاتارلىق نازۇك مەسىلىلىرىمىزگە بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى ئېرىشكەنلىرىمىز ۋە يوقاتقانلىرىمىزنىڭ روھىيەت دالايىمىزدا ناھايىتى كۆپ بوشلۇقنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. دېمەك، ئىجتىمائىيىتىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان مەۋجۇتلۇقىمىز بىلەن يەنە بىر قۇتۇبىدا تۇرۇۋاتقان ئىناقلىق مەسىلىلىرىمىز بىزنى يېقىن كەلگۈسىدە مۇشۇ ھەقتە ئاچچىق ئويلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. يېڭى زاماندىكى ئىناقلىق مەسىلىسى دەۋرنىڭ تەلپى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، كىشىلىك ھاياتنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەم بىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قوغداپ كېلىۋاتقان روھىيەت ئەندىزىمىزنىڭ داۋامى سۈپىتىدە شەرھلەنگەن ۋاقىتتا يېڭى زاماندىكى مەۋجۇت مەسىلىلىرىمىزنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. مەنىۋى ئىزچىللىقىمىزنى ساقلاش، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىمىزنى جارىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ئىناق بولغان پىسخىك كەيپىيات بەرپا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دەۋر روھىنى ۋە كەلگۈسى

يۈزلىنىشلەرنى توغرا ئانالىز قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۆز ۋۇجۇدىمىزنى ۋە روھىيىتىمىزنى چىرماپ تۇرغان نادانلىق ئامىللىرىنى تەدرىجىي يۇيۇپ تاشلاپ، ئۆزلۈك روھىغا باي ياشاش ۋە تۇرمۇش مەنتىقىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ چىقالايمىز. بىز ئۆتمۈشىمىز ۋە ھازىرىمىز ھەققىدىكى ئاچچىق ساۋاقلاردىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئىبرەت ئالالىساق ۋە بۇ ھەقتە پىكرى ھاسىلاتلارنى، ئەقلىي يەكۈنلەرنى يۈزىگە ئېلىپ چىقالىساق، ئىناقلىقنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى قۇرۇپ چىققان بولاتتۇق. دەۋرنىڭ يۈزلىنىش ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئەڭ قەدىمىي شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ۋەتىنىمىز، شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردىكى ئىستراتېگىيىلىك ئالاقىلىرى ھەمدە ئۇزاق مۇساپىلىق ئۇيۇشۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆرنەك ھەم ئەينەك قىلىپ، ئۆز رېئاللىقىمىزنىڭ يۆنىلىش نۇقتىسىنى ئىلغار ۋە زامانىۋى قاتلاملارغا، شۇنداقلا ئاڭلىق ھالدىكى ئىناقلىق مەۋقەسىگە قويۇپ يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىزنى يېڭىچە ئۇسۇلدا، يېڭىچە پىكرىي يۆنىلىشتە ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقالىساق زامانىۋى دۇنيانىڭ سالاھىيەتلىك ياشاش مەنتىقىسىنى يورۇتالىغان بولىمىز. بىز ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقان نوپۇز، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلمىي تەرەققىيات، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىلمىي قاراش ھەمدە پۇختا ئاساسقا ئىگە ئىناقلىقتىن كېلىدۇ. ئىلمىي قاراش دېگىنىمىز، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا قوللانغان چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ساپاسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەمدۇر. زىددىيەتلىك مەسىلىلەرگە ئىلمىي ۋە توغرا قارىغاندا كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتكىلى بولىدۇ، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيۇشماسلىقلارنى ئىلمىي سۆھبەت، ئالىيجاناب روھ ۋە ئىستىقبال ھەققىدە ئىلمىي چۈشەندۈرۈش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك ئىناق ۋە باراۋەر جەمئىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش ۋە مائارىپ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەقىقىي ئىناقلىق يەنە بىر تەرەپتىن ئېسىل ئەنئەنىدىن كېلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ ئۇدۇم مىراسلىرى يەنىلا خەلقنىڭ ئارىسىدا ساقلانغان بولىدۇ. ئۇنى قېزىش ۋە ياخشى ئۆرنەكلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋام خەلقنىڭ قوينىغا قايتىپ بىرلىكتە ئۆگىنىپ، ئىجابىي ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. ئېسىل ئەنئەنە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان مۇۋازىنەت بولۇپ، ئۇ مىللىي ۋە ئائىلىۋى ئىناقلىقنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىدۇر. بىز ماقالىمىزنىڭ بايانىدا شەرھلەۋاتقان ئىناقلىق مەسىلىسى ئىنسان خاراكتېرىنى چىقىش قىلىدىغان نازۇك مەسىلە بولۇپ، ئۇ روھىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك رېئال مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ تەنتەكلىك ۋە ناقىسلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىرلىشىش ئىستراتېگىيىسى ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن يۈزىگە چىقىرىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىشىنىش ۋە پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈش يولى ئارقىلىق ئىچكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ تۇرماقتا. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدىكى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ خىلدىكى شەرتلىك بىرلىشىش دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىناقلىق مەيلى شەرتلىك ئىناقلىق بولسۇن، مەيلى قىسمەن ئىناقلىق بولسۇن، ئىناقلىقلا بولىدىكەن، تىنچلىق ۋە ئەمىنلىك بولىدۇ. ئىناقلىقنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر نەچچە تۈرلۈك مۇھىم ئامىللىرى بولۇپ، ئۆزئارا ئىشىنىش، چۈشىنىش، ئۆرپ ـ ئادەتكە، ھېسسىياتقا، ياشاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، تەڭلىك ۋە باراۋەرلىككە ھەقىقىي ئەمەل قىلىش ئاشۇ ئامىللارنىڭ مۇھىم تەركىبىدۇر. بىزنىڭ ئۆتكەنكى تارىخىمىزغا تەۋە بولغان ئىناقلىق ۋە ئىناقسىزلىققا ئائىت ناھايىتى مول تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىز بار. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تارىخنى ئەينەك قىلىش، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى قەدەمنى پۇختا بېسىش يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر دەۋرگە تەۋە تارىخنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجابىيلىقى ۋە سەلبىيلىكى بولىدۇ. سەلبىي تەرەپلىرى كۆپىنچە ھاللاردا ئىناقسىزلىق، تەپرىقە ۋە ئىچكى ـ تاشقى نىزالار بىلەن پۈتۈلگەن بولىدۇ. ئىجابىي تەرەپلىرى بولسا ئىتتىپاقلاشقان، گۈللەنگەن، ئىلىم راۋاجلىنىپ، خەلق پاراۋان بولغان تەرەپلەردە مەدەنىيەتلىرى بىلەن قەلەمگە ئېلىنىدۇ. تارىخنىڭ مەيلى ئىجابىي تەرىپى بولسۇن ياكى سەلبىي تەرىپى بولسۇن، كېيىنكىلەر ئۈچۈن روشەن ئىبرەتلەر بار. تارىخقا نەزەر سېلىپ ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىيىتىنى كۆزىتىدىغان بولساق، خەلق ئىناق ـ ئىتتىپاق ۋە ئەمىن بولغان دەۋرلەردە گۈللەنگەن ۋە دەۋر بۆلگۈچ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن، ئەكسىچە خەلق ئارىسىدا ئىناقسىزلىق يامراپ،



بىلىمسىزلەر ۋە نادانلار باش كۆتۈرگەن، ئالىم ـ ئۆلىمالار تەقىپلەنگەن چاغلاردا تارىخنىڭ زاۋال پەيتلىرى باشلانغاندى. بىزدە «ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن ناھايىتى ھېكمەتلىك ئاتىلار سۆزى بار. بىز ھەر ۋاقىت ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىمىزنى چىقىش قىلىپ، ئەناق بولۇپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرگە توغرا قاراپ، مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ ئىقتىسادىي، مەنىۋى، مەدەنىي خىزمەتلەرىمىزنى خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ياققىدەك دەرىجىدە ياخشى ئىشلەپ، ئەنئەنە ـ ئۆدۈملىرىمىز ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئىتتىپاق ـ ئىناق، مەدەنىي بولغان ئىجتىمائىيەت بەرپا قىلىپ چىقالىساق، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىجابىي تەرەپكە يېتەكلەيدىغان ئەڭ ياخشى تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر. ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى يېڭىلانغاندا شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى ئۆسىدۇ. كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتكە كۆنسېرى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىلىم بىلەن قەد كۆتۈرىدىغان ياخشى كەيپىياتقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. پىسخىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىمسىزلىك ئىنساننى جاھىللىققا ئېلىپ بارىدۇ. جاھىللىق قاتمال بولغان جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. قاتمال جەمئىيەت پىكىر بىرلىكىدىن خالىي، ئۆچمەنلىك ۋە زىددىيەت بىلەن تولغان ناچار ئىجتىمائىي ھالەتكە كىرىپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي ھالەت ئىناقسىزلىقنى مۇھىم بەلگە قىلغان ئاساستا بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنى ھالاكەت گىردابىغا قىستايدۇ. كىشىلەردىكى قىممەت قاراش نادانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتتە تولىمۇ چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا مۇستەقىل پىكىر قىلىش تامامەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ مۇستەبىتلىك، خۇراپىلىق، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك بىر خىل ئىجتىمائىي كېسەللىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز بۈگۈنكى زامانىنىڭ سىستېمىلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بۈگۈنكى زامانىنىڭ ئاقىللىرىغا خاس كەڭ نەزەر بىلەن كۆزىتەلىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۆز ئومۇمىيىتىمىزنى چىقىش قىلغان ئاساستا تېخىمۇ مول تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز. تەجرىبىلەر ياخشى يەكۈنلەنگەندە ئىجتىمائىي كېسەللىرىمىزگە قويۇلغان دىئاگنوزىمىز توغرا بولۇپ چىقىدۇ. كېسەلگە دىئاگنوز توغرا ھەم ئىنچىكە قويۇلغان ۋاقىتتا كېسەلنى داۋالاش ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بىز نۆۋەتتىكى ئىناق ئىجتىمائىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدەنىيەت، ئەخلاق، ئىقتىسادتىن ئىبارەت رېئال، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇستقۇرۇلما ۋە ئىقتىسادىي بازىسقا تەۋە نەرسىلەرنىڭ توغرا يۆنىلىشتە، ئۈنۈملۈك، ئىجابىي تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت مەۋقەيىمىز مىللىي مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئەچىدە ئۆز خاھىشىنى ئىپادىلەۋاتقان بولغاچقا، ئىگىلىك ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھالقىلىرىمىز ئۆز خۇسۇسىدا ئاشۇ چەمبىرەكنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ئىناقلىق كەڭ ـ كۇشادە، ئازادە بولۇشنى، سەممىي ۋە راستچىل بولۇشنى، ئۆزئارا مەنپەئەت

www.uyghurkitap.com



يەتكۈزۈشنى، ھۆرمەت ۋە غۇرۇرنى ئەلا بىلىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. بۇ خىل سەمىمىي تەشەببۇس ھەر بىر شەخس يەنى
پۇقرالار، مەمۇرلار، زىيالىيلار، ئالىملار، شۇنداقلا يۇقى-
رى ـ تۆۋەن ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشتىراك قىلى-
شىغا ۋە ئىجرا قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا ئىناقلىقنىڭ ئەڭ
ئېسىل مېۋىلىرى قولغا كېلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئې-
شىشى يۇقىرى ئىستېمالنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، كۆنسېرى
يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئىستېمال ـ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆ-
لەملەشكەن بازارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ۋە ئەلا ياشاش
خاھىشىنىڭ تىكلىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ قىممەت قا-
رىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ كىشىلىك مۇناسىۋەت پۇل بىلەن
ئۆلچىنىدىغان خاھىش بىخلىنىپ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇنى-
داق ئەھۋالدا شەخسچىلىك ھادىسىسى كۆچىيىپ كىشىلەردە
ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدىغان، ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدى-
غان، ئادەمگەرچىلىك، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق، دىيانەت
قاتارلىق ئەقەللىي ئىنسانىي خىسلەتلەردىمۇ گېزى كەل-
گەندە پۇلنىڭ كۆزىگە قارايدىغان ئىللەتلەر باش كۆتۈ-
رىدۇ. پۇل يەنىلا ھەممىگە قادىر ئەمەس. ئۇ ئىنسانىي
مۇھەببەت ۋە قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.
دەۋرىمىزدىكى پۇلغا يۈزلىنىش ھادىسىسى ئىجتىمائىيتى-
مىزدىكى ۋاقىتلىق ئۆتكۈنچى بىر ھادىسە بولۇپ، دۆلى-
تىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەخلاق تەربىيىسى كىشىلەر
قەلبىگە سىڭگەندە، خەلقىمىز ئېسىل ئەنئەنىۋى ئۇدۇم-
لىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتكەندە، چوقۇم بۇ خىل يېڭى
ئىللەتنى تۈزىتىپ كېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتىكى
ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ھەم كلاسسىك پېشۋالى-
رىمىزنىڭ ئىناقلىق، ئىزگۈلۈك، خەير ـ ئېھسان، ۋاپا-
دارلىق، كۆيۈم ۋە مۇھەببەت قاتارلىق تەلىمات، تەشەب-
بۇسلىرىنى تەكىتلەپ ۋە توغرا يۈزلىنىشتە قانات يايدۇ-
رۇپ، جەمئىيىتىمىزدىكى ياخشى ئىش ۋە ياخشى كىشى-
لەرنى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇپ باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ
«ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ھەققىدىكى چاقىرىقى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم
يارىتىشىمىز زۆرۈر. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساسىي
تېمىسى بولغان پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە
ئۆتۈش جەريانى كىشىلەرگە پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇت-
تى. پۇل ئىجابىي ئىشلارغا ئىشلىتىلگەندە ھەقىقىي قىم-
مەتنى تاپقان بولىدۇ. پۇل بولسا، مەكتەپ سالغىلى،
ئەۋلادلارنى كەلگۈسىگە يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەپ
چىققىلى بولىدۇ. پۇل بولسا، ھەر خىل شىپاخانىلارنى
قۇرغىلى، زاۋۇت ـ كارخانىلارنى قۇرۇپ ئىشسىز قالغان-
لارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. پۇل بولسا، مىللىي
مەدەنىيەت ۋە ئىگىلىككە ئائىت مۇئەسسەلەرنى ياخشى
تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئو-
رۇنلىرىنى قۇرۇپ يېتىم ـ يېسىرلارغا خەير ـ ئېھسان
قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇ خىل ئىدىيىنى چىقىش قىلغاندا
پۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىپ يېڭى دەۋردى-
كى ئىناقلىقنىڭ پۇختا ئاساسىنى بەرپا قىلىپ چىققىلى،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەت مېخانىزمىنىڭ سىجىل تە-
رەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. خەلقىمىز مۇ-
شۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنى كۆزلەپ ۋە چىڭ تۇتۇپ، ھا-
لال ئەمگەككە تايىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ پۇل تېپىشقا
تۇتۇش قىلسا، بۇ ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش ۋە ياخشى
يۈزلىنىش. ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تەرەق-
قىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم. ئىسلاھات دې-
گەنلىك ياخشىلاش ۋە قايتا قۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، بىر
دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە
روھىي جەھەتتىكى كونا تەپەككۇر سىستېمىسىنى، يېڭى
زامانىۋى يوسۇندا شەرھلەش، تەرەققىياتقا ماس ھالدا
ئىجابىي ئىزنىغا سېلىش، پىلان ۋە بازارنى، ئەقىل ۋە ھە-
رىكەتنى ئىجابىي يوسۇندا ئەركىن پائالىيەت سورۇنى بى-
لەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. دۆلىتىمىز مۇشۇ
نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىسلاھات تەدبىرلى-
رى تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇنلاش-
قانلىقىدەك چوڭ ھەقىقەت، دېموكراتىيىنىڭ قۇدرىتىدىن
خەلقىمىز ئىنتىپاقلىشىپ ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرەلىدى. بۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر ياخشى نەپ
ئالدى. مانا بۇ (ئىناق بولغان) بازار رىقابىتىنىڭ ۋە بىر-
لىككە كەلگەن تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ رېئال ئىپادىلىنى-
شىدۇر. بىزنىڭ مائارىپچىلىرىمىز، كارخانىچىلىرىمىز، زى-
يالىيلىرىمىز، دېھقانلىرىمىز تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ،
ئىناق ۋە ئىنتىپاق بولۇپ، ئىچكى ئۇيۇشۇش ئېنېرگىيە-
سىگە ئىگە كۆلەملەشكەن بازار، زامانىۋى تەپەككۇر ۋە
ئەنئەنە روھىغا باي تۇرمۇش ھەمدە ئىجتىمائىيەت ئەن-
دىزىسىنى قۇرۇپ چىقالىساق، نۆۋەتتىكى دەۋر تەرەقق-
ياتىنىڭ ئىناقلىقتا بولغان تەلىپىنى چىقىش قىلغان ئاساستا
ئىش ئېلىپ بارغان بولىمىز. ئىناقلىق دۇنياۋى مەڭگۈلۈك
تېما. دۆلەت، جەمئىيەت ئىناقلىق بىلەن ئەمىنلىككە ۋە
تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتمىن



# ئۇيغۇرلاردا ئوۋچىلىق

يۈسۈپ ئىسھاق

قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوۋچىلىق ئىشلىرى ئىنتايىن كەڭ ئەۋج ئالغان، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەرگەنلىكى، ئوۋغا تولىمۇ ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان. شۇڭا، 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىرانلىق تارىخچى ئىبىن فەزلان: ئۇلارنىڭ ئاتنى چېپىپ كېتىۋېتىپ، كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۆردەكنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى يازغان ① . مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلار «ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر» ② ، دەپ يېزىش بىلەن بىرگە «...زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹inan huzhurandبۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ» ③ دېگەن تارىخىي ئۇچۇرنى يېزىپ قالدۇرغان. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە يەنە مۇنداق مەنبەلەر بار:

... يۈەنخېنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 809 ـ يىلى) ئاي تەڭرىلى بولمىش قامۇغ بىلگە خاقان (ئاي تەڭرىدىن

تۆرەلگەن ھەممىگە ئىقتىدارلىق خاقان) ئەلچى ئەۋەتىپ، مىللىتىنىڭ نامىنى بۇنىڭدىن كېيىن «شۈگقاردەك تېز يۇرىدىغان ۋە ھۇجۇم قىلىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «回鹘» (ئۇيغۇر) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاشقا باشلاشنى ئۇقتۇرغان... ④

10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە كەلگەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى»دە «(بۇ يەردە) ئولتۇراقلاشقانلار كۆپىنچە باش باھاردا ساياھەتكە چىقىدىكەن. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ ساياھەتكە چىققاندا، ئۆزئارا مۇزىكا چېلىشىپ (كۆڭۈل ئېچىشتىن) ناھايىتى ھۇزۇر ئالىدىكەن. ساياھەتكە چىققاندا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ تۇرلۇك جانىۋارلارغا يا تارتىپ ئوق ئاتىدىكەن» ⑤، «(بۇ تۇزلەڭلىكتە) قاراقۇش، قارچىغا، بۈركۈت ۋە گىيە قۇشى قاتارلىقلار بار ئىدى. ناھايىتى چىرايلىق ئوتلار ئۆسەتتى. ئۇۋچى قۇشلىرى بۇ قۇشلارنى تۇتاتتى ۋە يەيتتى» ⑥دەپ يازغان. بۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىياتاش رەسىملىرىدىنمۇ ئۇۋچىلىققا باغلىنىشلىق نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا قاراقۇش، قارچىغا، بۈركۈت، لاچىن قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈپ، جەرەن، ئارقار، توشقان، ئۆردەك، چىل، قىرغاۋۇل، تۈلكە...دېگەندەك ئۇچالىق، تىنالىقلارنى ئوۋلاپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئوۋ تۇرمۇشىغا دائىر مەزمۇنلار تېخىمۇ جانلىق، رەڭدار، ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ياچىبەگ» قاتارلىق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بىلەن نۇرغۇن خەلق چۆچەك، قوشاقلىرىنى بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە كۆرسىتىش مۇمكىن.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامانىزم دەۋرىدە ئۇۋچىلىق تولىمۇ مۇھىم كەسىپ سۈپىتىدە قەدىرلىنىش بىلەن بىرگە ئۇ يەنە باتۇرلۇقنىڭ، تەڭرىگە ئېتىقادنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋرلەردە ئوۋغا تولىمۇ ھېرىسمەن بولغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كاپالەتلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار 744 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقىنى قۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى شامانىزمغا، ئاز بىر قىسمى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بىراق، بۆگۈ خاقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ لوياڭ شەھىرىدىن يانغاندا، مانى دىنىغا ئېتىقادچىلاردىن تۆت كىشىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئېلىگە ئېلىپ كەلگەن. مانى دىنى مۇخلىسلىرىنى ئېلىپ كەلگەن كىشى خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ـــ بۆگۈ خان بولغاچقا، بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئانچە چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان.

ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ ئەخلاقىي ئەقىدىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. شامانىزم ئېتىقادىدا ئادەم قاتارلىق جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈش ئىنسانغا ئاخىرەتتە پايدىلىق، دەپ قارالسا؛ مانى دىنىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس، ھەتتا جانلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ئۆزىنىمۇ چوڭ گۇناھىي قىلمىش، دەپ قارالغان. ئۇلار بۇ دىننى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىپ «بۇرۇن گۆش يېگەن قوۋم بۇنىڭدىن كېيىن گۈرۈچ يەيدۇ، بۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئومۇملاشقان بۇ ئەلدە بۇنىڭدىن كېيىن خەير ـ ساخاۋەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» دېگەندەك ئۆزگۈتلەرنى ئەل ئىچىگە تاراتقان. بۇنىڭغا ياندىش مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ قارابالغاسۇن مەڭگۇ تېشىدىمۇ بار. ئۇنىڭدا «ۋەھشىي ئادەتلىرى بولغان ۋە قان كەلكۈنىگە بوغۇلغان بۇ خانلىقنىڭ ئوتياش بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بىر ئەلگە ئۆزگەرگەنلىكى، ئىنسانلار ئۆلتۈرۈلگەن بۇ يەرنىڭ ساۋاپلىق ئىش قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر ئورۇنغا ئايلانغانلىقى» يېزىلغان.

بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇرى شۇ مىللەت ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ھەم ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇددا، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپلا تەدرىجىي ئولتۇراق تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوۋچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشتىن، ئاستا ـ ئاستا چارۋىچىلىقنى، تېرىقچىلىقنى ئاساس، باغۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلىشقا ئۆزگەرگەن. ئەنە شۇنداق شارائىتتا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋ خۇمارلىقىمۇ بارا ـ بارا پەسىيىشكە باشلىغان. لېكىن، ئەينى دەۋرلەردە

نىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان جايىغا ئۆزى ئوۋلىغان ھايۋان-لارنىڭ بېشىنى، مۈڭگۈزىنى ياكى تېرىسىنى ئېسىپ قو-يۇپ ئۆيىنى بېزەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئوۋ قىلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ» ⑦ .

مەن 1989 ـ يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە خەلق ئە-دەبىياتى توپلاملىرى خىزمىتى خادىملىرىغا دەرس ئۆت-كىلى بارغاندا «ئون بىر جەرەن بىلەن بىر ھەربىي باشلىقنىڭ پاجىئەسى»نى ئىشىتتىم.

بىر كۈنى بىر ھەربىي باشلىق قول ئاستىدىكىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇيان چېپىپ، بۇيان چېچىپ يۈرۈپ، بەختسىز ئون بىر جەرەننى بىر قاپچىغايغا باشلىقىغا قايساپ بېرىپتۇ. باشلىق جەرەنلەرنى پىلموتقا تۇتۇپ ھەممىسىنى يىقى-تىپتۇ. ئانا تەبىئەتنىڭ شوخ، ئەركە، ئوماق باللىرى سانالمىش گۈزەل جەرەنلەر ئېچىنىشلىق نالە قىلىشىپ، جان ئۈزۈشۈپتۇ. بىراق، بۇ باشلىق بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن چەكسىز ئىپتىخار شادلىقىغا چۆمۈپتۇ. ئەسكەرلەر ئون جەرەننى ماشىنىغا بېسىپ بولۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ يىراققا بېرىپ يە-قىلغان جەرەننى باشلىق «ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە مېۋى-سى» دەپ قاراپ، ماشىنىغا ئۆزى باسماقچى بولۇپ بىر قولىنى شۇنداق ئۇزارتىپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىر قانچە پاي ئوق كېلىپ تېگىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۇچۇرۇۋې-تىپتۇ. باشقىلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغى-چە بىر قانچە سېكۇنت ئىلگىرى مەغرۇر قەدەم تاشلاپ يۈرگەن سۆيۈملۈك باشلىق ئۇ ئالەمگە ـــ بارسا كەلـ-مەسكە كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قېنى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى 11 ـ جەرەننىڭ قېنى قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە يې-رىمجان ياتقان ئەڭ ئاخىرقى جەرەن بۇ ھەربىي باش-لىقنىڭ يەنە بىر قولىدا كۆتۈرۈۋالغان پىلموتىنىڭ تەپ-كىسىگە تېپىۋەتكەنىكەن. بۇ چاغدا بىر قانچە ئەسكەر يۈرگۈرۈپ كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى جەرەننى بىر قانچىنى تېپىشكىمۇ ئۆلگۈرۈپتۇ.

بۇ قانلىق پاجىئەنى يەرلىك بىر قانچە كىشىدىن ئىشىتىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدا تەگسىز ئويلارغا چۆمدۈم... دۇنيادا ئەڭ يىرتقۇچ، ئەڭ شەپقەتسىز مەخلۇق زادى نېمە؟ ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدا كىشلەرگە ھېچقانداق زىيان كەلـ-تۈرمەي ياشاۋاتقان باشقا گۇناھسىز جانلىقلارنى قىرغىن



ئوۋچىلىق تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن ئەپسانە، رىۋايەت-لەر، قوشاقلار ۋە بىر قىسىم ئادەت قانۇنلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. بىزگە ئۆتمۈشتىن قىممەتلىك ئۈچۈر بەرگۈچى ئوۋچىلىق قوشاقلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بەزى سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئوۋ قوشاقلىرى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئوۋچىلىق قوشاقلىرى ھازىرمۇ قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قۇمۇل، مورى، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تەركىبىدە ئېيتىلىپ كەل-مەكتە.

«ھازىرقى ئوۋچىلار ئوۋغا چىققاندا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن نە-قابنى كىيمەيدۇ، ساداققا ۋە ئوقنىڭ ئۇچىغا ھايۋانلارنىڭ يېغىنى سۈركەپ قويمايدۇ. ھازىر ماھىر ئوۋچىلار ئۆيە-

www.uyghurkitap.com



قىلىدىغاندۇ؟ ئۆزلىرى بارلىق قىلغۇلۇقلارنى قىلىپ تۇرۇپ، ئەنە شۇ تىلسىز جانلىقلارنى نېمە ئۈچۈن «ياۋايى، ۋەھشىي، يىرتقۇچ» دەپ قارىلايدىغاندۇ؟ بۇ نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك! «ئىنسان ـ نۇقسان» دېگەن بۇ چىن ھەقىقەتنى ئەڭ دەسلەپ قايسى دانا كىشى ئوتتۇرىغا قويغاندۇ!

شۇ يەرلىك كىشىلەردىن يەنە ئۇيغۇر ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتا چوقۇم ئەمەل قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئادەت قانۇنلىرى بارلىقىنى بىلدىم. تۇرغۇن مەرگەن دېگەن كىشىنىڭ ئوۋچىلىق ئادەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان كونا ئوۋچىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كىشىلەردىن ئاڭلىدىم. «خۇدا بەرسە قولىغا، ئەكېلىپ بېرەر يولىغا» دېگەندەك بىر كۈنى مەن جۈمە نامىزىغا يوغان قارا ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقان تۇرغۇن بوۋاينى تەرەپپال ئۇچرىتىپ قالدىم. بىز ئامانلىق ـ ئېسەنلىك سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن:

— مەن نۇرغۇن كىشىلەردىن ئاڭلىدىم، بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللاردىنمۇ كۆردۈم. ئۆزلىرىنى قالتىس مەرگەن دەيدىغۇ. قانچىلىك ئوۋ ئوۋلىدىلا؟ — دەپ گەپنى ئەگىتمەيلا سورىدىم. ئۇ ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە:

— مېنىڭ ئاتقان ئوقۇم يەرگە چۈشكىنى يوق، بالام، — دەپ تولىمۇ ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى. مەن مەھمۇد قەشقەرى: ئۇلار «ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر» دەپ تەرىپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىماسىنى ئالدىمدىكى بۇ تەمبەل، چاچ ـ ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ۋە ئەرلىك جاسارەت چاقناپ تۇرغان تۇرغۇن بوۋىنىڭ ۋۇجۇدىدىن قايتا كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭدىن يەنە قىممەتلىك فولكلور بىلىملىرىگە ئېرىشتىم. تۇرغۇن مەرگەننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇيغۇر ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتا چوقۇم ئەمەل قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئادەت قانۇنلىرى بار ئىكەن. بۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەر ئوۋچى دەپ ئېتىراپ قىلىنمايدىكەن، بەلكى «نامەرد، قاراكۆڭۈل» دەپ قاتتىق ئەيىبلىنىدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق تۈزۈكى: (1) يالغۇز يۈرگەن تىنالىق، يالغۇز يۈرگەن ئۇچالىق ئوۋلانمايدۇ. (2) ھەرقانداق جانلىق بوغاز بولۇپ كۆپىيىش مەزگىلىدە ئوۋلانمايدۇ. (3) ئوۋدا يىرتقۇچلاردىن باشقا ھەرقانداق ئوۋ نىشانىغا تۇيدۇرماي يېقىن بېرىپ، ئوق ئېتىپ ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ. (4) ئوۋچى ئوۋ نىشانىغا چوقۇم ۋارقىراپ، توش بېرىشى زۆرۈر. ئۇ خەتەرنى تۇيۇپ قاچقاندا ياكى ئۇچقاندا، ئاندىن ئوق ئۈزۈشكە بولىدۇ. بولمىسا نامەردلىك سانىلىپ، ئوۋلانغان ئولجا ھالال ھېسابلانمايدۇ.

ئەل ئارىسىدا يەنە «يالغۇز دەرەخ كېسىلمەس، يالغۇز جانلىق ئوۋلانماس» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، شۇ يالغۇز دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈك شۇ تۈردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ. بۇنى يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا باغلىنىشلىق «ئىلاھىي دەرەخ ئانا» ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. يالغۇز ئوۋ (جانلىق)نىڭ ئوۋلانماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ بەلكىم شۇ تۈردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر جانلىق بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر بىچارە بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ئاسراش، قەدىرلەش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئۆدۈملىرىنىڭ بىرى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، «يالغۇزلۇق ئاللاغىلا خاس»، «يالغۇزنىڭ يارى خۇدا» دەپ يالغۇز يۈرگەن نەرسىلەرنى قەدىرلەش؛ «يالغۇز دەرەخنى كەسسە يامان بولىدۇ» دەپ كەسمەسلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى يوسۇنلارنىڭ بىرىغۇ ئاخىر!

ئىزاھلار:


① ئىبنى فەزلان (ئىران): «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 21 ـ بەت.

②③ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 151 ـ ، 153 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

④ «كونا تاڭنامە»نىڭ 195 ـ جىلدىغا قاراڭ. «ئەل تۈتۈش ئۆرنەكلىرى» ( 资治通签 ) دېگەن كىتابنىڭ 235 ـ جىلدىدە بۇ سۆز جېنيۈەن ( 真元 )نىڭ 5 ـ يىلى (مىلادى 789 ـ يىلى) ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆز ئىدى، دەپ قەيت قىلىنغان).

⑤⑥ ئۆزقان ئىزگى (تۈركىيە): «ۋاڭ يەندېنىڭ ‹ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى› ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 90 ـ ۋە 92 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑦ د.ئا. ئىسسىيېف (قازاقىستان): «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي كۈچلەر» — «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىل 1 ـ سان 68 ـ بېتىگە قاراڭ.


(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد






## قېينانا بىلەن كېلىن

بۇرۇنقى زاماندا بىر قېينانا كېلىنىگە زادىلا ئىشەن-مەيدىكەن. ھەممە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى قازناققا ئەكىرد-ۋېلىپ، ئۈچ ۋاق تاماقتا نېمە لازىم بولسا شۇنى ئاز ـ ئازدىن بېرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار نان ياقماقچى بولۇپتۇ. قېينانا خې-مىرنىڭ زۇۋۇلىسىنى ئۆزى تەييارلاپ بېرىۋاتقاندا ھويلىغا بىر خەۋەرچى يۈگۈرۈپ كىرىپ: «يۇرت چوڭىنىڭ ئۆيىدە توي بولۇۋاتىدۇ، بارلىق مېھمانلار سىزگىلا قاراپ قال-دى» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، قېينانا ئامالسىز كېلى-نىگە زۇۋۇلىنى ئۈزۈپ قويغىنى بويىچە نان يېقىشنى تا-پىلاپ تويغا كېتىپتۇ.

كېلىن قېينانىسى كەتكەندىن كېيىن ھەر بىر زۇۋۇلى-دىن باشمالتاقتەك خېمىرنى ئۈزۈۋېلىپ ئۇنىڭدىن بىر توقاچ يېقىپ، توقاچنى تېشىپ كەندىر يىپ بىلەن بوينىغا ئېسىۋاپتۇ.

قېينانا تويدىن يېنىپ كېلىپ قارىسا ئۈزۈپ بەرگەن زۇۋۇلىغا قارىغاندا ناننىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى بى-لىپتۇ. «بۇ ئوغرى كېلىنىنىڭ قويندا توقاچ بار» دەپ ئويلىغان قېينانا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ ۋە كې-لىنىنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن قېينانىسى بىلەن:

—تەكىدىنە ـ تەكىدىن، كەندىر يىپىدا بەكـــدىن،— دەپ ئۇسسۇل ئوينىغان بولسىمۇ، قوينىدىكى توقاچ ئۇ-زۇلۇپ چۈشمەپتۇ. كېلىنىنىڭ ئۇستاتلىقى ئالدىدا ئامالسىز قالغان قېينانا:

—بولدى بالام، سىز مەندىن ئۇستۇن چىقتىڭىز، بۇ-نىڭدىن كېيىن ماڭا يۇمشاق كۆرپە، ئىسسىق ئورۇن، يۇمشاق نان، تاتلىق گەپ قىلىپ بېرىڭ، مېنىڭ قىلغان

ئىشلىرىم ئارتۇق ئىكەن. قانچە ھىيلە ئىشلەتكىنىم بىلەن سىزنىڭ ھۈنىرىڭىز ئېشىپ كەتتى. تۆشەك ئىشلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن سىز لا ئىگە بولۇڭ،ــ دەپ ئائىلە ئىشلىرىنى كېلىنىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىكەن.

### ئارپا نېنى يەللىك

قېينانىلار بولغۇسى كۈيئوغۇللارنى سىنايدىغان زامانلار ئىكەن. بىر قېينانا بولغۇسى كۈيئوغلىنى چايغا چاقىرىپ، بۇغداي نېنىنىڭ ئۈستىگە ئارپا نېنى، ئارپا نېنىنىڭ ئۈستىگە زاغرا نېنىنى دەسلەپ قويۇپ مېھمان قىپتۇ.

قېينانا كۈيئوغلىنى چايغا تەكلىپ قىپتۇ. كۈيئوغۇل چېچەنلىك بىلەن زاغرا ناننى قولىغا ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ:

ــ ئۆزى سېرىق، مەڭزى قىزىل چوكانلاردەك پەشپىسىز، سىز بۇياقتا تۇرۇپ تۇرۇڭ،ــ دەپ قولىغا ئارپا نېنىنى ئاپتۇ:

ــ ئارپا نېنى يەللىك، ئۇسۇرتىدۇ ئەللىك، سىزمۇ بۇياقتا تۇرۇپ تۇرۇڭ...

كۈيئوغۇل ئاخىرىدا بۇغداي نېنىنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ بۇغداي نېنى ياخشى، ئېيتقۇزىدۇ ناخشى.

يىگىت ئاق نان (بۇغداي نېنى)نى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قېينانا كۈيئوغۇلنىڭ گەپدانلىقىغا قايىل بوپتۇ.

### شىپاگەر تېۋىپ

شەيخ ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللا ئەلەيھى باغدات شەھرىگە كىرسە، ھازىق دېگەن بىر تېۋىپ كوچا ـ كويدا نەرە تارتىپ يۈرگىدەك:

ــ ئەي، خالايىق، مەن ھەر تۈرلۈك كېسەل ۋە ئىللەتلەرنى داۋالايمەن!...

تېۋىپنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شەيخ ھەسەن بەسرى شەھەر ئەھلىدىن سورىسا «شۇنداق داۋالايدۇ» دېيىشكىدەك.

شەيخ ھەسەن بەسرى سىناش ئۈچۈن تېۋىپقا:

ــ ئەي تېۋىپ ئاخۇنۇم مېنىڭ ئېغىردىن ئېغىر كېسلىم بار. داۋالاپ قويارسىزمۇ؟ــ دەپتۇ. ھازىق:

ــ ئىنشائاللا، ئەلۋەتتە داۋالايمەن، سىزنىڭ قانداق كېسەللىرىڭىز بار ــ دەپ سوراپتۇ. ھەسەن بەسرى:

ــ مېنىڭ كېسلىم گۇناھى مەسىيەت،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تېۋىپ دەرھال قولىغا قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ مۇنداق يېزىپتۇ:

ــ تەۋبە نەسۋەھە ساناسىدىن 40 مىسقال، ئاجىزلىق تەرەنجىلىرىدىن 40 مىسقال، شەكەستىلىك شاتىرەسىدىن 40 مىسقال. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، غەپلەت تۇپراقىدىن تازىلاپ، ئىشقىنادامەت سۈيىگە چىلاپ، بىچارىلىك داكىسىدا سۈزۈپ، ھىدايەت، تەۋەككۇلنىڭ تېشى بىلەن سوقۇپ، شەرىئەت ئەگلەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەرىقەت ھەسلى بىلەن يۇيۇپ، ھەققەت ئاپقۇرىغا سېلىپ، مۇھابىزەت تەكچىسىگە ئېلىپ، مەرىپەت كومىلچى بىلەن ھاپ قىلىپ يېگەيسىز... ئەمما ئۇنىڭ مۇنداق ئۈچ مۇھىم پەرىزى بار، ئەستىن چىقارمىغايسىز: بىرى، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇشنى قولدىن بەرمىگەيسىز، يەنە بىرى غەيۋەت ـ شىكايەت گۆشىنى يېمىگەيسىز. ئۈچىنچىسى ھەسەت ۋە پىتنە ـ پاسات مېۋىلىرىگە قول ئۇزارتمىغايسىز...».

تېۋىپ ھازىقنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن شەيخ ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ كۆڭلى ئەمىن، «كېسەلى» شىپا تاپقانىكەن.

### ئۈچ كىشىلىك ئەمگەك

مەددىكار بازىرىدا بىر يىگىت ھە دېسە: «مەن ئۈچ كىشىلىك ئىشلەيمەن. ئىشلىگەن ئىشىمغا قاراپ ئۈچ كىشىلىك ھەق بېرىسىلەر» دەپ جار سالىدىكەن. بايلارمۇ ئۇنى ئىشلەتسە دېگىنىدەك ھەق بېرىدىكەن.

كۆپچىلىك:

ــ ئەي، بۇرادەر كۈندە ئۈچ كىشىلىك ئىشلەپ نېمە ئانچە جېنىڭنى قىينايسەن؟ بىر كىشىلىك ئىشلەپ جېنىڭنى خوراتمىساڭ بولمامدۇ؟ــ دېيىشىپتۇ.

ــ مەن ئۈچ كىشىلىك ئىشلىمىسەم بولمايدۇ. بۇنى سىلەر بىلمەيسىلەرــ دەپتۇ ھېلىقى مەددىكار يىگىت. ئىشلەمچىلەر:

ــ قېنى بۇرادەر، بىزگە سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرگىنە، بىزمۇ ئاڭلاپ، پايدىلىق بولسا ئۆگىنەيلى،ــ دېيىشىپتۇ.

مەددىكار يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئۈچ كىشىلىك ئىشلىشىمنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانامنىڭ

ئالدىدىكى قەرزىمنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئۈچىنچى سەۋەبى قەرزدار قىلىش ئۈچۈن...

—كىمنى؟—دەپتۇ كۆپچىلىك.

—بالىلىرىمنى،—دەپتۇ مەدىكار يىگىت جاۋاب بېرىپ،—كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنىڭ بارىدا بالىلىرىمنى ياخشى بېقىپ قەرزدار قىلىۋالسام، خۇدا خالىسا ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ قەرز تۆلەيدىغان بولىدۇ.

خالايىق مەدىكار يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىشىپ ھەيران قاپتۇ.

**ئۇ دەم تارتىدۇ**

خۇنخاردا (چاپچال ناھىيە خۇنخاي يېزا) بىر چوڭ خورجا (باي دېھقان) ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نەچچە ئون مەدىكار، ئىشلەمچىلىرى بولۇپ ئۇلارنى دۆگان پالۋان باشقۇرىدىكەن. دۆگان سەھەر تۇرۇپ بايىنىڭ سەرخىل ئېتىنى مىنىپ، تاغقا چىقىپ، نەچچە ئىشەكلىك ئوتۇن تەييارلايدىكەن. مەدىكارلار ئۇلاقلىرىنى ھەيدەپ بېرىپ، ئوتۇنلارنى ئارتىپ قايتقۇچە، دۆگان ئۆيگە كېلىپ قوشناچىمىنىڭ مەززىلىك تائاملىرىغا ئېغىز تېگىپ بولىدىكەن. شۇڭىمۇ دۆگاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى: «بالىمىز كىشىنىڭ ئوچىقىغا ماي قۇيۇپ، ئۆزىنىڭ ئوچىقىغا سۇ قۇيىدۇ» دەيدىكەن. لېكىن خورجا ياخشى ئىشلىگەنلەرگە ياخشىچە، يامانلىرىغا يامانچە مۇئامىلە قىلىدىكەن. مەدىكارلىرىغا بىر ـ بىرىگە كۆرسەتمەستىن «موماڭ بەردى» (قوشناچىمنى دېمەكچى) دەپ توقاچ ـ قاتلىمىلارنى بېرىدىكەن.

بىر كۈنى ئاتلىق ئېتىز ئارىلاپ يۈرگەن خورجا بۇغدايغا سۇ تۇتۇۋاتقان مەدىكارغا سۇ چىقمىغان ئاق يەرنى كۆرسىتىپ!

—ئالاتات (سۇ باشلا)،—دەپتۇ. مەدىكار بويۇنتاۋلىق قىلىپ:

—بولدى خوجايىن، ئۇ يەرنى نەم تارتىدۇ،—دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

خورجا دەرھال ئۆيگە قايتىپ بېرىپ قوشناچىمىغا «مەدىكارلارغا پولۇ تەييارلاڭلار» دەپتۇ. مەدىكارلار ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، مەززىلىك پولۇغا داخىل بوپتۇ. لېكىن ھېلىقى «نەم تارتىدۇ» دېگەن مەدىكار ئىشىك تۈۋىگە تۇرغۇزۇپ قويۇلۇپتۇ. باشقىلار «خوجايىن، ئاۋۇ ئىشلەمچىنى نېمىشقا چەتتە تۇرغۇزۇپ قويدىڭىز» دېسە، خورجا جاۋابەن: «ئۇ ئەشەدە تۇرۇپ دەم تارتىدۇ» دەپتۇ.

**باۋۇخان نېمە يېدىڭ؟**

ئىلىنىڭ ۋالىيسى ھېكىمبەگ خوجىنى دۆبەن شىڭشىسەي ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپتۇ. كەم سۆز ھېكىمبەگ خوجا: «نېمە بولسا بولسۇن، يېنىمغا قىزىقچى باۋۇخان كورنى ئېلىۋالاي. شىڭ دۆبەننىڭ ئالدىدا قىزىق پاراڭلىرىنىڭ پايدىسى تېگىپ قالار» دەپ باۋۇخان كورنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە بېرىپتۇ. لېكىن شىڭ دۆبەننىڭ قوبۇلخانىسىغا بارغاندا چاقىرىق قەغەزگە قاراپ ھېكىمبەگ خوجىنى كىرگۈزۈپتۇ. باۋۇخان كورنى كىرگۈزمەپتۇ. ھېكىمبەگ خوجا بولسا ئارقىسىدا قالغان باۋۇخان كورغا قاراپمۇ قويماي كىرىپ كېتىپتۇ. شىڭ دۆبەننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ: «ئىلىدىن مەن بىلەن بىرگە بىر بۇرادىرىم كەلگەنىدى» دەپ باۋۇخاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويماپتۇ.

ھېكىمبەگ خوجا بەش كۈندىن كېيىن شىڭ دۆبەننىڭ ھۇزۇرىدىن چىققۇدەك بولسا، دەرۋازا سىرتىدا باۋۇخان كور: «كۆرمىگىنى كۆپ، يېمىگىنى چۆپ» بولۇپ، بىچارە ھالەتتە ئولتۇرغىدەك. ھېكىمبەگ خوجا ئاچلىقتىن ئەقلى قېچىپ، يىقىلىپ قالاي دېگەن باۋۇخان كورنىڭ ھالىنى كۆرمەيۋاتقاندەك ئېرەنسىزلىك بىلەن سوراپتۇ:

—ھەي، باۋۇخان تاماق ـ ياماق يېدىڭمۇ؟

—يېدىم تەقسىر، يېدىم...

—نېمە يېدىڭ؟

—تەقسىر، سىلىنىڭ غەملىرىنى يېدىم.

—ھەي، باۋۇخان قورساق گوللىغىدەك بىر نەرسە تەگدىمۇ دەۋاتىمەن؟

—تەگدى تەقسىر، تەگدى.

—نېمە تەگدى؟

—تەقسىر سىلى دۆبەن بىلەن يېگەن گۆشلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ بېشىمغا تەگدى.

—ئەي، باۋۇخان چاقچىقىڭنى قوي! بىرەر نەرسە يېدىڭمۇ دەيمەن؟

—يېدىم تەقسىرىم، يېدىم.

—نېمە يېدىڭ؟

—تەقسىر، بەش كۈن بولدى شىڭشىسەينىڭ يىپىدىن چىقمىغانلىرىنى ئويلاپ، شىلىڭ دۇبەننىڭ بايىلار بىلەن سىلىگە ئوخشاشلارغا پىچىقى بەك ئۆتەتتى. شۇ ئىتتىك پىچاق سىلىگىمۇ تېگىپ كېتىپ ئەزىز باشلىرىنى يەپ قويدىمىكىن، دەپ غەم يېدىم.

—ئەي، باۋۇخان سېنىڭ مۇشۇنداق قىزىقچى، گەپكە ئۇستىلىقىڭنى بىلىمەن، بىراق چاقچىقىڭنى قوي، نەچچە كۈن بولدى، بىر نېمە ئىچتىڭمۇ؟

—ئىچتىم تەقسىرىم، ئىچتىم.

—نېمە ئىچتىڭ؟

—ئىككىنچى سىلى بىلەن بىر يەرگە بارماسلىققا قەسەم ئىچتىم.

ھېكىمبەگ خوجا ئۇلىغا قايتقاندىن كېيىن: «باۋۇخاننى خاپا قىلىپ قويدۇم. ئەتە قېيناغامنىڭ تۇرپانيۇزىدىكى بېغىغا ئەچىقىپ ئوينىتىپ كېلەي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

—باۋۇخان سېنى تۇرپانيۇزىگە ئەپچىقىپ ئوينىتىپ كېلەي، مىنىدىغان ئېتىڭ بارمۇ؟

—بار تەقسىر، بار.

—قانداق ئېتىڭ بار، بىزنىڭ ئاتلار بىلەن تەڭ ماڭالامدۇ يوق؟

—ماڭىدۇ تەقسىر، ماڭىدۇ. خۇدايىم بەرگەن، 40 يىلدىن بۇيان مىنىپ كېلىۋاتقان ئىككى پۇتلۇق تايچىقىم بار.

ھېكىمبەگ خوجا كۈلۈپ كېتىپ ئات باقارغا ۋارقىراپتۇ:

—باۋۇخانغا بىر ئات بېرىڭلار!

ئاندىن ھېكىمبەگ خوجا باۋۇخانغا:

—ئەتە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇچدەرۋازا كوچىنىڭ كۆك كۆۋرۈكى ئالدىدا تۇرۇپ تۇر،—دەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئات باقار باۋۇخانغا بىر كىچىك تايچاقنى بېرىپتۇ. باۋۇخان تايىنى ئىگەرلەپ قارىغۇدەك بولسا، ئات ھەم كىچىك، ھەم ئاساۋ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تايچاقنى توقۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە كۆك كۆۋرۈك ئالدىغا بېرىپتۇ.

ھېكىمبەگ خوجا كېلىپ قارىسا، باۋۇخان كور تايچاقنى تولۇقا قاتقاندەك پىرقىرىتىۋاتقۇدەك.

—باۋۇخان، نېمە قىلىۋاتىسەن؟—دەپ سوراپتۇ ھېكىمبەگ خوجا.

—تەقسىر ئات باقارنىڭ بەرگىنى مۇشتۇمدەك تاي، مىنسەم پىرقىرايدۇ، شۇڭا پىرە ئوينىتاي دەپ قامچىلاۋاتىمەن.

ھېكىمبەگ خوجا قىلمىشىدىن نومۇس قىلىپ دەرھال كۆك بوز ئېتىدىن چۈشۈپ، باۋۇخانغا بېرىپتۇ.

## دەرەخنى سوراق قىلىش

بىر كەمبەغەل ياقا يۇرتلارغا چىقىپ پۇل تېپىپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا: «سەن باللار بىلەن قېلىپ تۇرمۇشنى بىر ئامال قىلىپ تۇرغىن، مەن سىرتقا چىقىپ پۇل تېپىپ كېلەي» دەپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەر، سەھرالارنى كېزىپتۇ. كۈنلۈك، ئايلىق، يىللىق ئىشلەپ نۇرغۇن تىللا تېپىپتۇ. ئۇ تاپقانلىرىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلغان كۈنى يۇرتىغا قايتىپتۇ.

ئۇ مەھەللىسىگە ئاز قالغاندا ھاردۇق يېتىپ، بىر چىنارنىڭ ئاستىدا سالقىنداپ ئولتۇرغاندا، مۇنداق بىر ئىش كۆڭلىگە كەپتۇ. «مەن بالا ـ چاقامدىن پۇل تېپىپ كېلىمەن، دەپ ئايرىلدىم. ئۇزاق زامانلار بولدى. مۇنداقلا بارسام بولماس، تىللالىرىمنى دەرەخ ئۇچىدىكى قاغىنىڭ ئۇۋىسىغا قويۇپ قويۇپ، خوتۇنغا خوتۇن مەن پۇل تېپىپ كېلەلمىدىم، دەپ ئېيتاي. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب قايتۇراركىن؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە تىللالىرىنى قاغىنىڭ ئۇۋىسىغا ئامانەت قويۇپ، ئۆيىگە قۇرۇق قول بېرىپتۇ. خوتۇنىغا:

—خوتۇن، سىرتلاردا پۇل تاپماق تەس ئىكەن. ئامال يوق قۇرۇق قول قايتىپ كەلدىم،—دەپتۇ. خوتۇنى:

—بالىلىرىمنىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىسى، بىز سىزنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزگە خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈرسانا ئېيتىمىز. بىر نان تاپساقمۇ، باللار بىلەن بىرگە بولۇشمىزنى ئاللا نېسىپ قىلسۇن،—دەپتۇ.

ئۇ كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىپ خوتۇنىغا:

—سۆيۈملۈك خوتۇنۇم، بالىلىرىمنىڭ ئانىسى، مەن نۇرغۇن پۇل تېپىپ كەلگەنىدىم. سىزنى سىناش ئۈچۈن

تىللالىرىمنى دەرەخ ئۈچىدىكى قاغىنىڭ ئۇۋىسىغا ئامانەت قويۇپ قويغانىدىم،ــ دەپتۇ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ،ــ جۇرۇڭلار خەزىنىنى ئېلىپ كېلەيلى،ــ دەپ چىنار دەرىخىنىڭ قېشىغا بارسا، تىللالارغا ئاللا بۇرۇن هارام قولنىڭ تەگكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. تىللانىڭ ئىگىسى هۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. خوتۇنى بولسا ئېرىغا تەسەللى بېرىپ:

ــ بىزگە بۇيرۇغان خەزىنە بولسا تېپىلار، ئەگەر بۇيرۇمىغان بولسا خۇدانىڭ بەرگەنلىرىگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتەرمىز،ــ دەپتۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق نالە قىلىشىپ، بۇ يۇرتنىڭ ئادىل قازىسىنىڭ هۇزۇرىغا بېرىپ ئەهۋالنى سۆزلەپتۇ. قازى دەرهال قول ئاستىدىكىلەرگە هېلىقى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئورۇن راسلاپ، كويزا ـ كىشەن، دەررە ـ توقماقلىرىنى تەق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەل چىنار دەرىخى يېنىدا جەم بولۇپتۇ. قازى جامائەتكە قاراپ:

ــ شەرىئەت بويىچە، چىنار دەرىخىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن سوراق باشلاندى. بۇ مەيدانغا كەلمىگەن هەرقانداق كىشى قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ.

بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان هەممە كىشى سوراق قىلىنىۋاتقان چىنار دەرىخىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ.

قازى دەرەخكە قاراپ بىرىنچى قېتىم مۇنداق ئېغىز ئېچىپتۇ:

ــ ئەي يۇرتىمىزنىڭ سايىۋەنى، سەن نېمە ئۈچۈن ئامانەتكە خىيانەت قىلدىڭ؟

دەرەختىن زۇۋان چىقماپتۇ. قازى ئىككىنچى قېتىملىق سوراقتا دەرەخنى سىم ئارقانلار بىلەن باغلاپ، قامچىلاپتۇ، دەرەختىن يەنە زۇۋان چىقماپتۇ.

دەرغەزەپكە كەلگەن قازى كالان ئۈچىنچى قېتىملىق سوراقتا:

ــ ئەي، بەتبەخ نېمە ئۈچۈن ئامانەتكە خىيانەت قىلدىڭ؟ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. توقماقچىلارمۇ چىنار دەرىخىنى دەررە ـ توقماقلىرى بىلەن دومبالاشقا باشلاپتۇ.

شۇندىلا دەرەختىن ئىككى تال يوپۇرماق قازىنىڭ ئالدىغا لەيلەپ چۈشۈپتۇ. قازى دەرهال يوپۇرماقنى قولىغا ئېلىپ كۆپچىلىككە:

ــ خالايىق! دەرەخ ئىقرار قىلدى. ئەمدى دەرەخ زۇلۇمدىن ئازاد قىلىنسۇن،ــ دەپتۇ.

قازى هاڭۋېقىپ تۇرغان جامائەتكە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ــ ئەي، خالايىق مۇنۇ ئىككى تال يوپۇرماقنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ بىر جۈپ يوپۇرماقتا نېمە مەنە بار؟ بىلدىغانلار ئېيتىپ بېرىڭلار؟...

كۆپچىلىكتىن هېچقانداق زاۋان چىقمىغاندىن كېيىن قازى:

ــ بۇ بىر جۈپ يوپۇرماق تىللالارنى قوشگېزەك تۇغۇلغان ئادەم ئالغان دېگەندىن بېشارەت بېرىدۇ. شۇڭا جامائەت ئارىسىدىن قوشگېزەك تۇغۇلغانلار تەكشۈرۈلدۇ،ــ دەپتۇ.

سوراقچىلار پۈتۈن جامائەتنى بىر باشتىن تەكشۈرگىلى تۇرۇپتۇ. نۆۋەت باينىڭ يىللىقچىلىرىغا كەپتۇ. قورقۇپ كەتكەن قويچى قوشگېزەك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىپتۇ. قازى قويچىدىن:

ــ ئەي، پادىچى تۈنۈگۈندىن بېرى چىنار تۈۋىدە نېمە كۆردۈڭ؟ــ دەپ سوراپتۇ. قويچى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن:

ــ مەن تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن پادىلىرىمنى هەيدەپ ئۆيگە قايتىۋاتسام بىر كىشى مۇشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ كېيىن چۈشتى. كېتىپ قالدى. مەن قىزىقسىنىپ دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ قاغا ئۇۋىسىغا قارىسام بىر پارچە لاتىغا بىر نېمە يۆگەكلىك تۇرىدۇ. مەن ئۇنى شۇ پېتى كۆتۈرۈپ بېرىپ خوجايىنىمغا تاپشۇردۇم. خوجايىن كۆندە بەرمەيدىغان تاتلىقلارنى بېرىپ، هېچكىمگە بۇ ئىشنى تىنما دېگەن،ــ دەپتۇ.

قازى دەرهال پادىچىنىڭ خوجايىنىنى تارتىپ چىقىرىپ خالايىق ئالدىدا 40 دەررە ئۇرۇپتۇ. خوجايىن ۋاي ـ ۋايلاپ تۇرۇپ تىللالارنى تاپشۇرۇپتۇ. قازى خوجايىنغا يەنە بىر هەسسە جەرىمانە قويۇپتۇ. بۇ ئەهۋاللارنى كۆرگەن خالايىق قازىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئادالىتىگە هەيرانۇ ـ هەس قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سەۋردىن بىلەن نەۋردىن

سەۋردىن بىلەن نەۋردىن دەپ ئىككى ئاغىنە ئۆتكەن بولۇپ، نەۋردىن سەۋردىننىڭ خۇشپېئىللىقى بىلەن ئەل ـ ئاغىنىلەر ئارا يۈز تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دائىم چىدىماسلىق قىلىدىكەن. ھەدېسە، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ سەۋردىننىڭ ئىناۋىتىنى تۆكمەكچى بولىدىكەن. لېكىن سەۋردىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دائىم قىزىقچىلىققا ئېلىپ ئۆتكۈزىۋېتىدىكەن.

بىر كۈنى، ئەل ئاغىنىلەر ئارا بەزمە ـ باراۋەت بوپتۇ. نەۋردىن يەنە زەھەرخەندىلىك بىلەن:

ـــ ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز، «قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ» دېگەندەك، سەۋردىن زەي سالماي پو ئېتىۋەرگىچە بىرەر قېتىم ئەمەلىي ئىش قىلىپ باقسا بولمامدۇ؟ ھە، شۇندىلا سەۋردىن زەي سېلىپ پو ئاتتى دەيتتۇقتە.ـــ دەپتۇ.

تولىمۇ ئاچچىقى كەلگەن سەۋردىن ئەمدى نەۋردىنگە يۈز ـ خاتىرە قىلماپتۇ. كۆپچىلىككە قاراپ:

ـــ ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز، ئۇزاقتىن بېرى نەۋردىن مەن بىلەن ئۆزۈڭگە سوقۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ سەۋر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر، ئەمدى بۈگۈن نەۋردىننىڭ دۇمبىقى يېرىلىدۇ...

ـــ خەير، كۆپچىلىك نەۋردىننىڭ ھەل قىلالمىغان قىيىنچىلىقى بولسا ئاشكارىلىسۇن. مەن گەپ بىلەن، سۆز بىلەن، بولمىسا كۈچ بىلەن ھەل قىلاي. قېنى بۇنىڭغا ئۆزى قانداق جاۋاب بېرىدىكىن؟ـــ دەپتۇ.

نەۋردىن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز، بىر ئىش بار. ھەممىڭىزگە مەلۇم. ئۇ بولسىمۇ، مەھەللىمىز سىرتىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پىخسىق باي بار. ئۇنىڭ پىخسىقلىقىدىن جامائەت ئۇنى «ئىنسانغا مەنپەئەت بەرمەيدىغان قارا قازان، ئۆيىدىن جىن ـ شەيتانمۇ يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان نامەرد» دېيىشىدۇ. قېنى سەۋردىن ئاشۇ باينىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپ بىر لوقما تاماق يەپ باقسۇن. شۇندىلا ئۇنى پو ئاتمايدىغان ئوغۇل بالا دەيمىز.

سەۋردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

ـــ بۇ ياخشى گەپ بولدى. ئەگەر نەۋردىن ئۆزى ئېيتقان ئاشۇ ئۆيگە بېرىپ بىر لوقما تاماق يەپ كېلەلىسە مەن ئوتتۇز ئوغۇلغا بىر مەشرەپ بېرىمەن. ئەگەر نەۋردىن مەن بىلەن بارالمايمەن، دېسە ئاندىن مەن باراي. بىر لوقما تامىقنى ئەمەس. بىر قازان تامىقىنى يەپ، كىچىك قىزىنى ئېلىپ كېلەي. ئۇ چاغدا نەۋردىن نېمەدەپ جاۋاب بېرىدىكىن؟ـــ دەپتۇ.

نەۋردىن دەرھال مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

ـــ ئەگەر سەۋردىن پىخسىق باينىڭ قىزىنى ئېلىپ كېلەلىسە، مەن ئۇنىڭ توپىنى قىلىپ قويىمەن، ئەگەر ئەكېلەلمىسە...

ـــ بولدى، ۋەدىمىز ۋەدە ـــ دەپتۇ سەۋردىن.

ئۇلارنىڭ كېلىشىمىگە ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز گۇۋاھ بوپتۇ.

سەۋردىن بەرمەس باينىڭ ئۆيىگە چىرايلىق سالام بىلەن كىرىپ كەپتۇ.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باي ئاتا! مەن بۈگۈن يىراق سەپەرگە ئاتلانغانىدىم. مەنزىلىم يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ھۇزۇرىڭىزدا بىر كۈن قونۇۋالسام دەپ كىرىشىم...

سەۋردىننىڭ دۇئايى سالامى ئاياغلاشقۇچە باينىڭ ئايالى ھاپىلا ـ شاپىلا شىرە ئۈستىدىكى ئاشقان ـ تاشقان تاماقلارنى يىغىشتۇرۇپ، كىچىك قىزىنى ھۇجرا ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ.

سەۋردىن بايغا ئازراق ھال ـ مۇڭ ئېيتقاندىن كېيىن:

ـــ باي ئاتا، بۈگۈن سەپەرگە بۇرۇنراق ئاتلىنىپ بارار يېرىمگە يېتىۋالاي دېگەنىدىم. بىراق، يولدا خۇددى شىرەڭنىڭ ئاستىدىكى ئالا ـ سېرىق قېزىدەك بىر يىلان ئېتىمنىڭ پۇتىغا يۆگىشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يولدا قالدىم. ھەي، «يىلاندىن قورققان ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورقۇپتۇ» دېگەندەك. ھېلىمۇ شىرەڭنىڭ ئاستىدىكى ئالا ـ سېرىق قېزىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن. مېنىڭچە قېزىنىڭ شىرە ئاستىدا تۇرغىنىدىن ئۈستىدە تۇرغىنى، ئۇلاش ـ چولاش يەۋەتكىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ـــ دەپ شىرە ئاستىدىن مەززىلىك پىشقان قېزىنى ئېلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

ئامالسىز قالغان باي بالا ـ ۋاقىلىرىنى چاقىرىپ ھەممە تاماقنى بىردەمدىلا يەپ تۈگىتىپتۇ. تاماقتىن كېيىن باي خوتۇنىغا:

—خوتۇن قېزىنى ئارام خۇدا يېپەلمىدۇق. مېھمان ئۇخلاپ قالغاندا قازانغا توشقۇزۇپ گۆش سېلىپ قويۇڭلار. تۈن تەڭ بولغاندا تۇيدۇرماي ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئوبدان يەپ تويۇۋالايلى،—دەپتۇ.

گۆش پىشىپتۇ. باي ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانغا قارىغۇدەك بولسا ئۇياققا، بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىمايۋاتقىدەك. بۇ ھالنى كۆرگەن بەرمەس باي ئامالسىز خوتۇنغا:

—خوتۇن، مېھمان تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېتىپ كېتىدۇ. گۆشنى شۇ چاغدا يەيلى. ھازىرچە ئۇخلاپ تۇرايلى،—دەپ موك چۈشۈپ غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. سەۋردىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بىر قازان گۆشنى تولۇمغا ئېلىپ، ئەتىسى ئۆتەر يولغا يوشۇرۇپ قويۇپ كەپتۇ. قازانغا ئەسكى ـ تۈسكى لاتا ـ پىتىلەرنى سېلىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بەرمەس باي بىلەن خوتۇنى تاڭ قاراڭغۇسىدا سەۋردىنگە تۇيدۇرماي ئورنىدىن تۇرۇپ قازاندىكى ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى تاۋاققا ئېلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

—دادىسى بۇ گۆشكە ھېچ چىشىم ئۆتمەيدىغۇ؟—دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى بىر ھازادىن كېيىن. قورسىقى ئېچىپ خۇدىنى يوقاتقان باي:

—گۆش پىشىپ ئۆتۈپ كەتسە ئەنە شۇنداق قاتتىق بولۇپ قالىدۇ، يەۋەر. قورساققا كىرگىنى غەنىيمەت،—دەپ ئاغزىغا كىرگەننى چاينىماي يۇتۇۋېرىپتۇ.

بىر كەمدە ئۇلارنى قاتتىق ھۆ تۇتۇپ كېتىپ قارىغۇدەك بولسا قازاندا قايىنغىنى بىر تاغار ئەسكى ـ تۈسكىلەر ئىكەن. ئۇلار بىر قازان گۆشتىن ئايرىلغىنىغا ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئاخىرى باي:

—خەير، ئامال يوق خوتۇن، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا ئىككى كۆمەچ ناننى پىشۇرۇپ، ئوتتۇرىسىنى تېشىپ، يىپ بىلەن بوينۇمغا ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار. ناننى قويىنۇمغا سېلىۋېلىپ قوي باققاچ ئېتىزدا يەي،—دەپتۇ.

ئەتىسى سەۋردىن باينىڭ قويىنغا نان سېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قىلىپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

—باي ئاتا سىز مال باققىلى چىقىپ كېتىدىكەنسىز. مەنمۇ يولغا چىقىدىكەنمەن. شۇڭا بىز خوشلىشىۋالايلى،—دەپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىكەن، قوقاستا يېڭىلا پىشقان كۆمەچ باينىڭ مەيدىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. باي كۆيۈك ئوتىغا چىدىماي ۋاي ـ ۋايلاپ كېتىپتۇ.

—بۇنداق نانىنى ئىت يېسۇن!—دەپ ناننى ئېلىپ يەرگە تاشلاپتۇ. سەۋردىن شۇ ھامان كۆمەچنى ئېلىپ يۈدەپ قويىنغا سېپتۇ ۋە بەرمەس بايغا قاراپ:

—بۇنداق ناننى ئىت يېگۈچە مەن يەي،—دەپتۇ.

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان بەرمەس باي قامچىسىنىڭ كۈچىنى پادىلىرىغا ئىشلىتىپ ئېتىزغا قاراپ مېڭىپتۇ.

سەۋردىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باينىڭ ئالدىغا بېرىپ:

—باي ئاتا بىگىزىڭىزنى بىر ئىشلىتىۋالسام يولغا چىقىپ كېتەتتىم،—دەپتۇ.

«سەندەك زىيانداشتىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا بېرىپ تۇراي» دېگەن نىيەتكە كەلگەن باي ئەلەم بىلەن.

—يەڭگەڭ بەرسۇن،—دەپ يولغا چىقىپتۇ.

سەۋردىن دەرھال باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

—باي ئاتام كىچىك قىزىڭىزنى بەرسۇن دېدى، يالغان سۆزلىگەن بولسام باي ئاتامدىن سوراپ بېقىڭ،—دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى:

—ھۇي، بالىلارنىڭ دادىسى مېھمان كىچىك قىزىمىزنى ئېلىپ كېتىمەن دەيدۇ، سىز بەرگەنمۇ؟—دەپ ۋارقىراپتۇ. باي يىراقتىن: جاۋابەن:

—كىچىك بىگىزنى بەر، كىچىك بىگىزنى،—دەپ توۋلاپتۇ.

باينىڭ ئايالى بۇ گەپنى «كىچىك قىزىڭنى بەر» دەپ ئاڭلىۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەۋردىن باينىڭ كىچىك قىزىنىمۇ ئېلىپ مەھەللىگە قايتىپتۇ. يېڭىلگىنىگە تەن بەرگەن نەۋردىن كاتتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ دوستىنىڭ توينى قىلىپ قويۇپتۇ.

شېرىن ئازات

ھازىرغىچە ئەل ـ يۇرت ئىچىدە مۆگە ـ چۆگە (مېۋە ـ چېۋە) بولۇپمۇ قوغۇن ـ تاۋۇز يېگەندە مۇنداق دەپ دۇئا قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



«شېرىن ناۋات، مەنزىل ھايات، مۇھەممەت ئەلەيھسسالامغا سالاۋات، تەگەن (تېرىغان) تىككۈچىلەرگە بەرىكەت بولسۇن»

بۇ دۇئانىڭ بىزگە قانداق ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم شەرھلەپ بېرەلمىدى. مۆگە ـ چۆگىلەرنىڭ شېرىنلىقىدىن بولسا كېرەك، دېيىشىدۇ. لېكىن 1920 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر 80 ياشتىن ئاشقان سادىر قازى تاغام بۇ دۇئانىڭ مەنىسىنى ئەينى مەسلىلەر بىلەن مۇنداق يېشىپ بەرگەنىدى:

بۇرۇن شېرىن دېگەن قىلمىشىغا ئىسمى زادى ماس كەلمەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ، يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانىدى. شۇڭا خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى. خانبالىق (قادىئۇقنىڭ ئىلگىرىكى نامى) نىڭ قازىسى دەۋا سوراپ، شېرىننى قارا دالا چۆللۈكىگە سۈرگۈن قىلدى. شېرىن توققۇز تارادىن دەريا ياقىلاپ چىقىپ غەربتىكى يەتتە سۇ دەپ ئاتىلىدىغان بارسا كەلمەس چۆللۈك ـ قارا دالاغا پالاندى بولدى.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قازى شېرىننىڭ ھالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بىر قانچە ئادىمىگە بارسا كەلمەس چۆللۈكىگە بېرىپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن شېرىننى كۆرۈپ كېلىشنى، ئەگەر يامانلىقىدىن قالمىغان بولسا چۆلدە قالدۇرۇپ، ئۆزگىرىپ ياخشىلىققا يۈزلەنگەن بولسا، قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۇقتۇردى.

قازىنىڭ ئادەملىرى پايانسىز چۆللۈك ئارىسىدىكى قارا دالاغا كەلگۈدەك بولسا ئالدىدا ياپيېشىل مەيدان يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇلار چۈشىمىز ئەمەستۇ، دەپ قارىغۇدەك بولسا، قوغۇن ـ تاۋۇزلۇقلار ئارىسىدا ھېلىقى شېرىن دېگەن ئادەم يۈرگىدەك.

شېرىن قازىنىڭ ئادەملىرىنى لەززەتلىك قوغۇن ـ تاۋۇزلىرى بىلەن راسا مېھمان قىپتۇ. كېيىن قازى ۋە يۇرت ئەھلىمۇ شېرىننىڭ قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىغا ئېغىز تېگىپ بەس ـ بەستە ماختىشىپتۇ ۋە چۆلدە شۇنداق بىر بوستانلىقنى قانداق بىنا قىلغانلىقىنى سورىشىپتۇ.

ــــ قارا دالا چۆللۈكىدە ئاي، يىللارنى بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزدۇم. ئاخىر قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىن كۆكلەپ چىقىدىغان چوڭقۇر يىلتىزلىق يانتاقنىڭ ئۈچىنى كېسىپ ئۇنىڭغا قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇلاش ئۇسۇلى بىلەن بۇ زېمىننى كۆكەرتتىم،ــــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شېرىن، بۇنىڭدىن خۇرسەن بولغان قازى:

ــــ ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شېرىن بولۇپسەن،ــــ دەپ شېرىننى كەچۈرۈم قىپتۇ ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزىغا بەرىكەت تىلەپ، مۇنداق دۇئا قىپتۇ ــــ «شېرىن ئازات بولسۇن، يۈرگەن جايى ئاۋات بولسۇن، مۇھەممەت ئەلەيھسسالامغا سالاۋەت بولسۇن، تەرگەن ـ تىككىنىگە بەرىكەت بولسۇن!

ھازىرقى قازاقىستانغا قاراشلىق چۈنجى ناھىيىسىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان شېرىن دېگەن مەھەللىنىڭ نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمىدىن قالغانىكەن. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈم بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

## دانىشمەن بالا

بۇرۇن بۇرۇندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن سەلتەنەت سۈرۈش ئارزۇسىدا تالاي ئېسىل سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئوردا ئەھلىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ۋە كۆز بويامچىلىقى بىلەن ئوردىدىن چىققان يارلىق ئەل ـ يۇرتلارغا دۇرۇس يېتىپ بارالمايدىكەن.

ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنىڭ گالۋاڭلىقىدىن جەھلى قاتقان پادىشاھ بىر كۈنى قازى ـ قۇززات، كاتتا ـ كاساپەتلەرنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپتۇ. پۈتۈكچىلەر پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى يېزىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرىدىن مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

ــــ ئاڭلا ۋەزىر، دۇنيادا نېمە قاتتىق؟

خۇشامەت بىلەن پادىشاھنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ ئۆگەنگەن ۋەزىر قىينالمايلا جاۋاب بەرگىلى تۇرۇپتۇ:

ــــ ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، دۇنيادا سىزنىڭ شەمشىرىڭىزدىن قاتتىق نەرسە يوق.

ــــ دۇنيادا نېمە يۇگۈرۈك؟

ــــ ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ تۇلپارىڭىزدىن يۈگۈرۈك نەرسە يوق.

—دۇنيادا نېمە تاتلىق؟

—ئەي، كەرەملىك پادىشاھى ئالەم دۇنيادا سىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزدىن تاتلىق نەرسە يوق.

دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ:

—دەرھال بۇ تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر قاپاق كاللىنى زىندانغا تاشلاڭلار!—دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئورنىدا ئەھلىگە قاراپ:

—مەن ھازىرلا ئەلنى ئارىلاپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىمەن. مەن يېنىپ كەلگۈچە ۋەزىرنى تەقىپتىن ئازات قىلىش يوق،—دەپ ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.

جاكارچىلار:

—ئاممۇخاس ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئۇلۇغ پادىشاھىمىز خەلقنىڭ ھالىنى سورايدۇ. ھاكىم ـ بەگلەردىن سوئال سورايدۇ. سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ. كۆز بويامچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ،—دەپ داڭ ئۇرۇپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ يول بويى ئاۋامنى خۇرسەن قىلسا، بەگلەرگە ۋەھىمە سېلىپ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپتۇ. پادىشاھ بارغانلىكى يېرىدە ئۆلىما ـ ھۆكۈما، ھاكىم ـ بەگلەر ئېسىل ياسىنىشىپ، خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرۇپ، كاتتا زىياپەتلەر بىلەن پادىشاھنى كۈتۈۋالىدىكەن. پادىشاھ بولسا ئۇلارغا:

—ھۆرمەتلىك ھاكىم، بەگلىرىم مەن نېمە ئۈچۈن ئوردىدىن چىقىپ يۇرت ئىچىنى زىيارەت قىلدىم، مەقسىتىمنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟—دەپ سوئال قويىدىكەن.

ھاكىم ـ بەگلەر بولسا بەس ـ بەستە:

—ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، سىلى جاھاندا تەڭدىشى يوق ئادالەتلىك پادىشاھ بولغانلىقلىرى ئۈچۈن يۇرتىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئوردىدىن چىقتىلا. مەقسەتلىرى ـ شاپائەتلىرىدە گۈللەپ ـ ياشناپ كەتكەن دىيارىمىزنى تاماشا قىلىشتۇر،—دېيىشىدىكەن.

پادىشاھ بەگلەرنىڭ داستىخىنىغا كېلەلمەي يىراقتا تۇرغانلارنى كۆرسىتىپ:

—ئاۋۇ قاراپ تۇرۇشقان كىملەر؟—دەپ سورىسا، بەگلەر:

—پۇقرالار، —دېيىشىدىكەن.

—مۇنۇ زىياپەتتە ئولتۇرغانلارچۇ؟—دېسە،

— قازى — كالان، ئۆلىما ـ ھۆكۈما، بەگزادە ـ بايۋەچچىلەر—دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

پادىشاھ شۇ ھامان:

—جاللات!—دەيدىكەن. جاللاتلار دەرھال ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن.

ھەممە يۇرتتىكى ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، يۈرىكى سىرقىراپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە ماختاپ، تارتۇقلاپ، زىياپەت بېرىپمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىمنىڭ چىقىشى چوڭ مەسىلە بولۇپ قاپتۇ.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىر يۇرتقا كەلگۈدەك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا 11 ياشلار چامىسىدىكى سەبىي بالا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ يۇرت ھاكىمىغا تەلەپ قىلىپ شاھنىڭ ئالدىغا چىققانىكەن.

بالا پادىشاھنى ئاددىيلا داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، دۇغ سۇ بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

—بۇ يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى قېنى؟—دەپتۇ پادىشاھ خاپا بولۇپ.

—تەقسىر مەن بولىمەن،—دەپتۇ بالا.

—سەن بىر سەبىي تۇرۇپ بۇ يۇرتقا ۋەكىللىك قىلالامسەن، سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەمسەن؟

بالا دەرھال ئۆچكە بىلەن تۆگىنى كۆرسىتىپتۇ.

—ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، يوغىنىدىن سورايمەن دېسىلە تۆگىدىن سورىسىلا، ئاقساقاللىرىدىن سورايمەن دېسىلە ئۆچكىدىن سورىسىلا، ئەگەر ئادەمزاتتىن سورايمەن دېسىلە مەندىن سورىسىلا بولىدۇ،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

_پادىشاھ «پاھ، مۇنۇنىڭ غەيرىتىنى» دەپ بالىدىن سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

—ئېيتقىنا بالام، دۇنيادا نېمە تاتلىق؟

—ئەر ـ خوتۇنچىلىق تاتلىق،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

—سەن سەبىي بالا تۇرۇپ ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ

تاتلىقلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ـــدەپتۇ. بالا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ:

ـــئاتام ئانامنى ئۇرۇپ قولىنى سۇندۇرۇپ قويدى. ئۇ كۈنكى كۆڭۈلسىزلىكنى مەن دېمىسەممۇ، ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز. كەچقۇرۇن ئاتام قەيەردە ياتقاندۇ دەپ ئۆيگە كىرسەم، ئانامنىڭ تاياق يېگەن قولى ئاتامنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يېتىپتۇ. ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ تاتلىقلىقىنى شۇ چاغدا بىلدىم.

ـــدۇرۇس جاۋاب بەردىڭ،ـــدەپتۇ پادىشاھ.

ـــدۇنيادا نېمە قاتتىق؟

ـــدۇنيادا يوقسۇزلۇق قاتتىق،ـــدەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

ـــئۇستۇېشىڭغا قارىسام بەگ ئەۋلادىدەك قىلىسەن. بىراق، يوقسۇزلۇقنىڭ قاتتىقلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟ـــدەپتۇ پادىشاھ.

ـــتوغرا ئېيتتىلا پادىشاھ ئاليلىرى،ـــدەپتۇ بالا ـــئەمما سەبىي بالا نېمىنى ياخشى كۆرىدۇ. قەيەردە نەغمە ـ ناۋا، ئۇرۇش ـ جېدەل بولسا شۇ يەردە ئۇنىدۇ. مەنمۇ شۇ هاكىم ـ بەگلەر ئەيش ـ ئىشرەت، نەغمە ـ ناۋا قىلىغان سورۇنلارنى كۆرىمەن. ئۇلارنىڭ داستىخىنىغا كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغان هالال ئەمگەكچىلەر يېقىن يولىيالمايدۇ. پەقەت يىراقتىن تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ. ئەجەبا بەگلەرنىڭ هۇزۇر هالاۋىتى ئەنە شۇ هاشارغا هەيدەلگەن جاپاكەش ئەمگەكچىلەرنىڭ قەرزىنى تۆلىيەلمىسە بالاڭنى سات، ئايالىڭنى سات، دەپ هاقارەتلەنگەن يوقسۇزلارنىڭ قان تەرىدىن كەلگەن. ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق نەرسە بارمۇ پادىشاھ ئاليلىرى؟

پادىشاھ بالىنىڭ جاۋابىدىن تەسىرلىنىپ:

ـــتوختا، مېنىڭ سوئالىم تۈگىمىدى، دۇنيادا نېمە ئەڭ يۇگۈرۈك؟ـــدەپ سوراپتۇ.

ـــدۇنيادا كۆڭۈل ئەڭ يۇگۈرۈك،ـــدەپ جاۋابىنى داۋاملاشتۇردى بالا.ـــ پادىشاھى ئالەم، مەندىن نۇرغۇن سوئال سورىدىڭىز. مەن بۇلارغا توغرا جاۋاب بەردىم دەپ ئويلايمەن. سىز كۆڭلىڭىزدە بۇنى ئويلاپ يېتىپ بولدىڭىز. ئەمدى مېنى نېمە قىلىمەن دېسىڭىز ئۆز ئىختىيارىڭىز.

پادىشاھ بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەسسىتۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە يۇرت ـ جامائەتنى چاقىرىپ شۇنداق جاكارلاپتۇ:

ـــئەي خالايىق! «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» ئىكەن. مېنىڭ شۇنچە ئۆلىما ـ هۆكىما، ۋەزىر ـ ۋۇزالىرىم جاۋاب بېرەلمىگەن سوئالىمغا بىر سەبىي بالا جاۋاب بېرىپ مېنى قانائەتلەندۈردى.

پادىشاھ يەنە هېلىقى سەبىيگە يۈزلىنىپ:

ـــئەي، ئوغلۇم سوئاللىرىمغا نېمە ئۈچۈن قانائەتلەنەرلىك جاۋاب بېرەلىگەنلىكىنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرگىن؟ـــدەپتۇ.

بالا تەمكىنلىك بىلەن ئاخىرقى جاۋابىنى بېرىپتۇ:

ـــكەرەملىك پادىشاھى ئالەم، بۇ بىر غايىب بەش بولىدۇ. 1. دىدار غايىب. يەنى بۈگۈن كىم بىلەن كۆرۈشىدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز. 2. رىسق غايىب. بۈگۈن نېمە تائام يەيمىز، بىلمەيمىز. بەلكىم سىز بۇ يۇرتقا كېلىپ مېنىڭ هۇزۇرۇمدا بولۇشنى، دۇغ سۈيۈمنى ئىچىشنى ئويلاپ باقمىغان. دېمەك دىدار غايىب، رىسق غايىب. 3. نىكاھ غايىب. هېچكىم كۆرگەنلا كىشى بىلەن بىرگە بولالىغان ئەمەس. بەزىلەرنىڭ ئەتراپىدىن، بەزىلەرنىڭ يىراق يەرلەردىن نىكاهى پۈتۈلىدۇ. 4. ئىلىم غايىب . ئىلىمنى ئۆگىنىش بىلەنلا تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ تۈگىما چېچەنلىك ۋە يۇقۇملۇق قەلب تەلەپ قىلىدۇ. 5. ئۆلۈم غايىب. بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ هېچكىم قاچان، قەيەردە، قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. دېمەك، مېنىڭ سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك ئىلىمگە ئېرىشكەنلىكىم غايىبتۇر.

ـــبەرهەق، راست جاۋاب بەردىڭ، مېنى قانائەتلەندۈردۈڭ،ـــدەپتۇ پادىشاھ،ـــئەمدى سېنىڭ جېنىڭنى ئالمايمەن. بەلكى ساڭا ئادالەت بايرىقىنى تۇتقۇزۇپ هەقىقەت ئۇرىقىنى چاچقۇزىمەن.

پادىشاھ ئەل ئىچىگە قىلغان زىيارىتىنى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتۇرغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇشۈكۈرئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ

تەييارلىغۇچى: ئاسىمجان ئوبلقاسىم

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# مۇھەببەت ئىزھارى



كېچىلىرى چۈشۈمدە،
كۈندۈزلىرى كۆزۈمدە.
سەنمۇ مەندەك كۆيدۈڭمۇ؟
بىر گۇمان بار ئىچىمدە.

ئولتۇرۇپ شاراپ ئىچتىم،
تولدۇرۇپ پىيالىنى.
تېخى بىلىپ بولمىدىم،
يارىمنىڭ خىيالىنى.

تاغ بېشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
چىلك چىگىلگەن يۈرەكنى
دۈشمەن قانداق ئايرىغاي.

باشقىدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى قانچە ساناپ باق،
كۆيگۈنۈم يالغان بولسا،
چىرايىمغا قاراپ باق.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئۈنۈمدىن تونۇيالامسەن؟
ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتكەندە،
يېنىمغا چىقالامسەن؟

دەريالارغا سۇ كەپتۇ،
شاخ بېسىپ ئۆتمەيلىمۇ؟
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
كۆيۈشۈپ يۈرمەيلىمۇ؟

قوغۇنلۇقتا كىرەيمۇ،
ناشپىكەرنى ئۈزەيمۇ؟
راست گېپىڭنى قىل خانىم،
ئۈمىد ئۈزمەي يۈرەيمۇ؟

قىزىل گۈلنىڭ ئۈستىگە
ئەتىرگۈلنى تاشلايمۇ؟
ماقۇل دېسىڭىز يارىم،
سىزنى ئۆيگە باشلايمۇ؟

ئىشىك ئالدى كۆلچەككە،
سۇ قۇيۇپ بېرەي يارىم.
مەندىن كۆڭلۈڭ ئاغرىپتۇ،
چاي قۇيۇپ بېرەي يارىم.

ئالما ئاتتىم بويلاتىپ،
ئۆگزىڭىزگە چۈشتىمۇ؟
مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم،
ئېسىڭىزگە چۈشتىمۇ؟

بارسىلا پات بارسىلا،
تالدى مېنىڭ بىلەكلىرىم.
كەتسىلە جانىم كۆيەدۇر،
كەلسىلە يۈرەكلىرىم.

ئۆيىمىز داۋان بېشىدا،
بارسىلا تاپالامىلا؟
باغچىمىزدا ئەتىرگۈل،
سايىسىدا ياتالامىلا.

ئاۋۇ دۆڭدە كۆرۈنگەن
يامغۇرمىدۇ، قارمىدۇ.
قىزىل گۈلدەك پۈرىغان،
مېنىڭ يارىم بارمىدۇ.

كاككۇكۇم سايراپ بېرىدۇ،
ئېگىز تېرەكنىڭ بېشىدا.
ئادىشىم شەرەت قىلادۇر،
ئايدىڭ كۆلنىڭ قېشىدا.

بەلۋېغىم بىرە - بىرە،
ئەللەر كۆرسە نېمەدەر؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
نېمە دېسە شۇنى دەر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگەر بارسالڭ بارىمەن،
چۆلدە تۇمارىڭ بولىمەن.
دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا،
تاغدەك مۇنارىڭ بولىمەن.

ئاتىم بار، ئېگەرىم يوق،
تالىم بار، جىگەرىم يوق.
سۆزۈمگە ئىشەن يارىم،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
سۇ كەلسىمۇ تاشمىسا.
ئەقىدىلىك يار بولسا،
سۆيۈپ قويسا قاچمىسا.

ئاق پوسما، قىزىل پوسما،
مەن كىيسەم ياراشماسمۇ؟
بىز ئىككىمىز جۈپ بولساق،
خالايىق قاراشماسمۇ؟

ئات مىنىپمۇ يۈرگەنسىز،
تون كىيىپمۇ يۈرگەنسىز.
ئۇتىڭىزدا كۆيگەننى
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.
قۇم تۈۋىدە ئالما كۆمدۈم،
ئالمارەڭ بولارمىز دەپ.
مەن سىزگە كۆڭۈل بەردىم،
ئۆمۈرلۈك بولارمىز دەپ.

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
تۇمۇچۇقنى سايراتتى.
ئۇتىڭىز يامان ئىكەن،
چىرايىمنى سارغايتتى.

ھاۋاغا چىقارمەنمۇ،
بۇلۇتقا مىنەرمەنمۇ؟
يېڭى تۇتقان يار بىلەن
مەقسەتكە يېتەرمەنمۇ؟

يارىم ياتىدۇ غەمدە،
گۈلنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
مەن بۇ يەردە ئۇينىسام،
يار ئۆلمەمدۇ ئەلەمدە

ياغلىق ئالدىم بازاردىن،
يارىم ساڭا سوۋغاتقا.
ئەجەب تەشنا قىلدىڭسەن،
لەۋلىرىڭگە ـ ناۋاتقا.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئارقىدىكى يول بىلەن.
كۆڭلىنى ئالاي يارنىڭ،
قولۇمدىكى گۈل بىلەن.

قولۇڭدىكى ياغلىقىڭ،
قارا گۈللۈك تاۋارمۇ؟
ماڭا سۇنغان چايلىرىڭ
يۈرىكىمگە داۋامۇ؟

گۈلنى خۇشبۇي دېمىسەم،
كۆچىتىنى ئۈزگۈم يوق.
سىز جېنىمنى دېمىسەم،
دوپپىڭىزنى تىككۈم يوق.

قېشىڭدىن كېتەلمەيمەن،
ۋەسلىڭگە يېتەلمەيمەن.
ساڭا شۇنچە كۆيسەممۇ،
ئالدىڭدا دېيەلمەيمەن.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ.
قارايمەن ياراشقانغا،
مەن سېنى ئاران تاپتىم،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

ئالتاي ياتتىم، يەتتاي ياتتىم،
مۇشكۈل زىنداندا.
ئالتاي تۇرسام كەتكۈم كەلمەس،
يارنى تاپقاندا.

سەن يارىمنى كۆرگەندە،
سۆزلىيەلمەي قالىمەن.
كېچە ـ كۈندۈز ئىشقىڭدا،
يىغلاپ دۇتتار چالىمەن.

ئالملىق باغ، شاپتۇللۇق باغ،
ئالما گۈلى بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باققىن،
كۆيۈك دېغى بار.

بىر قېرىمقا گۈل تېرىدىم،
بىر قېرىمغا يۆگمەچ.
گۈللىرىم قۇرۇپ كەتتى،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.
(«خوتەن شەھەر خەلق قوشاقلىرى»
توپلىمىدىن ئېلىندى).

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

بىلدۈرگۈ
«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولالمىغانلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسا بولىدۇ.
تېلېفون نومۇرىمىز:
0991— 4554017

# ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت*

نوشرۋان يائۇشېۋ (روسىيە)



## خاتىرىلەر

قىش ئۆتۈپ، ياز كىرگەن، دەل ـ دەرەخ، گۈللـەر
يوپۇرماق چىقىرىپ چېچەكلەشكە باشلىغـانــدى. 20 ـ
مارتتا كېرىيىدىن خوتەنگە ياندىم. مەن يازنىڭ ئەلۋەك
كۈنلىرىدە، سالقىن ھاۋادا قەشقەرگە قايتماقچى ئـــدىم.
23 ـ مارتتا خوتەنگە كېلىپ دوللۇق مۇھەممەد ھاجى سا-
رىيىغا چۈشتۈم. يۇسۇپ ئاخۇن مۇھەممەد ھاجى ئوغلى
ھۇجرامغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئۆيىدىن ئەپ-
چىقىپ بەردى. بۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇپ قەش-
قەرگە قايتارمەن دېگەنىدىم. شۇنداق ئويلاپ تۇرغىنىمدا
خوتەننىڭ ياش ۋە تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلــرىــدىن
قۇربان ھاجى، يۇسۇپ ئاخۇن، قەشقەرلىك ئىمىن ئاخۇن
ئاكاملار ۋە باشقا ئاغا ـ ئىنىلەر بۇ يازدا مېنىڭ خوتەندە
تۇرۇشۇمنى ئۆتۈندى. قولىيازما ۋە كونا كىتابلارنى تېپىپ
بېرىشكە تىرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ كـۆڭـلـۈمـنى
تىنچلاندۇردى. بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ مۇنچىۋالا ياخشى
كۆڭلىنى ياندۇرۇشقا كۆڭلۈم بارماي، خوتەننىڭ يېزىلى-
رىنى كۆرۈپ كېتىشكە قارار قىلدىم.

مەرۋىدىن خوتەنگە كېلىپ ئون يىللاردىن بېرى رو-
سىيىدىن يىپەك قۇرتى ئەكېلىپ سېتىش، بۇ يەردىن رو-
سىيىگە يىپەك چىقىرىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
بىر ئەرمەن بار ئىدى. بۇ كىشى بۇلتۇر ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلدى، يېڭى ئىسمى خۇدابەردى بولدى. خۇدا-
بەردى باي ئىشچان كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قا-
رىغاندا بىر يىلدا 50 پىرسەنت يەنى بىرگە بىر پايدا ئا-
لىدىكەن. دەسلىپىدە ئانچە جىق پۇل بىلەن كەلمىگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى ئۇستىلىق بىلەن قىلغانلىقتىن نا-
ھايىتى تېزلا بېيىغان. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن دىنىي
ۋە مىللىي قۇرۇلۇشلارغا — مەسچىت، مەكتەپ، مەدرىس-
لەرگە پايدىسى تېگىپ تۇرغان. ئۇ:

— مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلارنى بەك تۆۋەن
كۆرۈشى، ئۇلارنى ھايۋان كەبى قىسىپ باشقۇرۇشى، نۇر

(* بېشى ئۆتكەن ساندا)

ۋە ھاۋادىن، ئىلىم ـ مائارىپتىن مەھرۇم قىلىشى ماڭا تازا ياقمىدى ــــ دېدى.

مەن بۇ ھەقتە «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ ئىسلام دىنىنىڭ خوتۇن ـ قىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خوتۇن ـ قىزلارغا تۇتقان مۇئامىللىرىنىڭ ئىسلام تەلىمى ئەمەسلىكى، بەلكى ھىندىستان، ئىران، بۇخارا تەلىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇردۇم.

ئۇ چاغاتايچە كىتابلارنى ئوقۇغاندا، چ، پ، گ، ڭ تاۋۇشلىرىغا مەخسۇس ھەرپلەر بولمىغاچقا بېشىغا قازادەك سەللە يۆگەپ ئۆزىنى پەيلاسوپ دەرىجىسىدە ساناپ يۈرىدىغان مەغرۇر مولللارنىڭ مۇنداق خاتا يېزىشلىرىغا ئەپسۇسلاندى. چۈنكى بۇ يەردە پارچە ـ فارجە، گويە ـ كويا، چاي ـ جاي، انگ ـ اننگ شەكلىدە يېزىلىدۇ.

ئۇ ئەرمەنچە، رۇسچە ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلــــدۇ، مۇسۇلمانچىمۇ ئوقۇپ تۇرىدۇ، ئىبرەت خوتەنگە. ئىلگىرى تۈركىيە پۇقراسى بولۇپ، كېيىن روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، كاركىن دېگەن يەنە بىر ئەرمەن بار. ئۇنىڭ ئىشى خۇدابەردى بايىنىڭكىدىنمۇ كۆپ، پىلە قۇرتى ساتىدۇ، يىپەكتىن نەپىس نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، گىلەم توقۇتىدۇ. كاركىن بايغا ئەرمەنچە «تىبلىس»، ئىنگلىزچە «لوندون تايمىس» گېزىتلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. تۇرۇۋاتقــان ئۆيى ئىنگلىزچە قىممەتلىك كىتابلار بىلەن تولغان. بوش ۋاقىتلىرىدا كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇيدۇ. كىتابلىرى ئارىسىدا ئىنگلىز سەيياھى تەرىپىدىن يېزىلغان جۇڭگو ۋە ئالتىشەھەر ساياھەتنامىسىمۇ بار. مەنمۇ بۇلارنىــڭ ئادرېسلىرىنى يازدۇرۇۋالدىم. كاركىن باي:

ــــ ئالتىشەھەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈكى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنچىۋالا نــادان ۋە ھــۇرۇن بولۇپ قېلىشىغا قاراپ ھەيران قالىمەن، بۇلارغا مەكتەپ كېرەك ئىدى ــــ دېدى.

ياركەنتتە تاش ئاخۇن بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتقان يەنە بىر ئەرمەن بار، ئۇنىڭ ئىشىمۇ بۇلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرى مــانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبرەت ئالسا ياخشى بولاتتى.

## مۇساباي‌ىفلار مويكىسىدا

خوتەندە مەشھۇر بايلاردىن مۇساباي‌ىفلارنىڭ مويكىلىرى بار. مەن قاچان زېرىككىدەك بولسام شۇ يەرگە بارىمەن. مويكا خوتەن دەرياسى بويىدا، قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدا بولۇپ مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەك ئېسىل. كاككۇكلار سايرىشىپ تۇرىدۇ. بۇلبۇللار، ساندۇغاچلارمۇ يۇڭ يۇغۇچى ئايالالارغا جۆر بولۇپ سايرىشىدۇ. كۆڭۈللەرگە راھەت ۋە مۇڭ بېغىشلايدۇ. بۇ يەردە ھەركۈنى يۈزلەپ خوتۇن ـ قىزلار ئىشلەپ تۇرىدۇ. يەپ ـ ئىچىش ئۆزىدىن بولغاندا كۈنلۈكىگە 20 پۇلدىن 30 پۇلغىچە ھەق ئالىدۇ. ئىشچى ئايالالار ئومۇمەن 15، 13، 12، 20 ياشلار چامىسىدا بولىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالالاردۇر. بۇلارنى كۆرۈپ خوتۇن ـ قىزلار بىلەن ئاشنا ئويناپ يۈرىدىغان ئەرلەرگە غەزىپىڭ كېلىدۇ... قەشقەردىكى ۋاقتىمدا خوتەنگە مېڭىش ئالدىدا كىملەردە كونا كىتابلار بار دەپ سۈرۈشتۈرۈپ ئۈچ ـ تۆت كىشىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالغاندىم. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى خوتەن قاراقاشلىق ئەيسا قازى جانابلىرى ئىدى. خوتەنگە كېلىپ تۈركىيىنى ساياھەت قىلىپ كەلگەن ھاجى يۈسۈپ ئەپەندىنى ئارىچى قىلىپ قازى ھەزرەتلىرىدىن «ئالتىشەھەر تارىخى» دېگەن قولىيازمىنى سورىتىپ ئالدىم. كىتاب 250 بەت بولۇپ، پارس تىلىدا يېزىلغان. دىباچىسىدا يېزىلىشىغا قارىغاندا ئېركەبەك خانىنىڭ ئەمرى بىلەن شاھ مەھمۇت بىننى مىرزا پازىل دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان. مىرزا پازىل: «بۇ كىتابتا يۈنۈسخاندىن باشلاپ شۇ دەۋرگىچە ئۆتكەن مەشھۇر خانلارنىڭ، نامدار ئەمىرلەرنىڭ، سولتانلارنىڭ ئەھۋاللىرى بايان ئېتىلىدۇ» دېگەن. لېكىن كىتابنى قايسى يىلى يېزىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتمايدۇ، بەلكى ئاخىرىدا يېزىلغاندۇر. كىتابنىڭ ئاخىرىدىن بىر نەچچە بەت يىرتىلىپ كەتكەچكە بۇنى بىلىشكە مۇمكىن بولمىدى. كىتاب مەقسەتكە مۇنداق كىرىشىدۇ: ئىسمائىلخان بىننى ئابدۇرېھىم خان، بىننى ئابدۇرەشىدخان، بىننى ئەھمەتخــان، بىننى سۇلتان يۈنۈس خان، بىننى سۇلتان ئۇۋەيس خان، بىننى شىر ئەلىخان، بىننى مۇھەممەد خان، بىننى خوجاخان، بىننى تۇغلۇق تۆمۈر خان، بىننى ئېسەن خان، بىننى بۇقا خان، بىننى دۇۋاخان، بىننى باراق خان، بىننى يەسۇگەي خان، بىننى قاراخان، بىننى ماماكان خان، بىننى چاغاتاي خان، بىننى چىڭگىزخان، بىننى يەسۇگەي خان،

بىننى بەرتان خان، بىننى قىبىلخان، بىننى تۇمىنە خان، بىننى بايسۇنقۇر خان، بىننى قايدۇ خان، بىننى دۇتۇم مىنىن خان، بىننى بۇقا خان، بىننى ئالانقۇۋا خان...

بۇ كىتاب مەخسۇس ئالتىشەھەرگە بېغىشلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئابدۇللا خان، بابۇرخان قاتارلىقلارمۇ سۆزلىنىدۇ. ئىشقىلىپ بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن پايدىلىق تارىخ كىتاب بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ... بۇ كىتاب ھازىرچە مېنىڭ قولۇمدا ئامانەت، پۇرسىتىم تەگكەنچە تەرجىمە قىلىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ نەشر قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن مۇشۇ كىتابنىڭ يورۇققا چىقىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ قاراڭغۇ پەردىلىرى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

1916 ـ يىلى 15 ـ ماي، خوتەن

## خوتەندە پىلە بازىرى

(1) ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرىدا يىپەك قۇرتى تىرىلىپ چىقىشقا باشلىغانىدى.

30 ـ 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن 20 ـ مايدىن باشلاپ بازارغا پىلە كىرىشكە باشلىدى. بازار ياقۇپبەگنىڭ مىرزىلىرىدىن نىياز ھېكىم سالدۇرغان ئالتۇن مازار ئىچىدە بولۇپ، ئىيۇل ئېيىنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە (10 ـ ئىيۇن) پىلە بازىرى تازا قىزىپ كەتتى. ھەركىمنىڭ ئاغزىدا شۇ پىلىنىڭ گېپى. بۈگۈن مەنمۇ بازارنى تاماشا قىلىشقا چىققانىدىم. تاماشا، مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدان تولۇپ كەتكەن. خالتىلارغا، ئاق بۆزلەرگە قاچىلاپ بېشىدا پىلە كۆتۈرگەن كىشىلەر، خوتۇن ـ قىزلار مىغىلداپ يۈرەتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا باجخانىغا كىرىپ جىگىلىتىدۇ، جىگىلاپ بەرگىنى ئۈچۈنلا قادىقىغا بەش پۇل (ئۈچ تىيىن)، باج ئۈچۈن تۆت پۇل تۆلەيدۇ. بۇ يەردىكى قىيا ـ چىيا، جەڭگى ـ جېدەل، ئىتتىرىش ـ تارتىشش، ئادەمنىڭ بېشىغا ئادەم چىقىپ سوقۇشۇشلارنى تەرىپلەشكە ئاجىزمەن. چۈنكى ئادەم بەك كۆپ، تارازا بولسا پەقەت بىرلا. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ يىل (1916 ـ يىلى) پىلە ئوتتۇراھال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇق تۇتقۇچىلار كۆپ بولغان. شۇڭا، جۇجەم يوپۇرمىقى بەك قىممەتلەپ كەتكەن. خەلق يوپۇرماقنى ئاز بەرگەن، شۇڭا بۇ يىل پىلە ناچار بولغان. ئەمما كۆپلۈكى يەنىلا كۆپ. بۇلتۇر بىر قۇتا ئۇرۇقتىن بەش ـ ئالتە چارەك (بىر چارىكى 17.2 قاداق) چىققان. بۇ يىل بولسا ئۈچ ـ تۆت چارەكلا چىققان. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا پىلىنىڭ ياخشى بولۇشى يوپۇرماقنى جىق بېرىپ قۇرتنى ياخشى تويغۇزۇش بىلەن باغلىق ئىكەن. شۇڭا يىپەك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈجمە دەرىخىنى ياخشى پەرۋىش قىلىش، ئۇنى كۆپلەپ تىكىش كېرەك. بازار ئومۇمەن ياخشى. شۇنداقتىمۇ سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا بۇ يىل سۇسراق بولغان. سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى روسىيىلىك سودىگەرلەر، پەرغانە مۇسۇلمانلىرى، ئىككى ئەرمەن. يەرلىك خەلقتىن پەقەت ھۇنەرۋەنلەرلا ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار پىلىدىن يىپەك چىقىرىپ شايى ۋە ئەتلەس توقۇيدۇ. بۇلتۇر پىلە ياخشى بولۇپ باھاسىمۇ چارىكى 33 ـ 34 تەڭگە (بىر تەڭگىسى 30 تىيىن چامىسىدا) بولغان. بۇ يىل 27 ـ 28 تەڭگە چامىسىدىلا. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يىل سودىگەرلەر پىلىنى ئالدىراپ ئالمايدۇ، قورقىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، پىلە ناچار، ئىككىنچىدىن، سوم (رۇس پۇلى) ئەرزان. چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئۇدۇل پەرغانىغا ئاپىرىپ پۇلغا ساتىدۇ.

(2) يىپەك قۇرتى

قۇرت تىرىلىپ 30 ـ 40 كۈنگىچە ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يەپ چوڭىلايدۇ. چوڭلاپ ئارپا باشقىدەك بولغاندىن كېيىن يېگەن نەرسىسىنى قۇسۇشقا باشلايدۇ. بۇ قۇسۇق ئۆمۈچۈك تورىدەك ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ قۇرتنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى چىرماپ سوقچاق پىلە غوزىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۆزى شۇ غوزەكنىڭ ئىچىدە كىچىكلەپ كېتىدۇ. شۇ پىلىنى بەش ـ ئالتە كۈن سايىدا ساقلىسا ھېلىقى قۇرت غوزەكنى تېشىپ چىقىپ قاناتلىنىپ كېپىنەككە ئايلىنىدۇ. بۇ كېپىنەك بەش ـ ئالتە كۈن ھېچنېمە يېمەي تۇخۇملاپ بولۇپ ئۆلىدۇ. تۇخۇمى كېلەر يىلى يازغىچە ساقلىنىدۇ ۋە شۇنىڭدىن يەنە يىپەك قۇرتى چىقىرىلىدۇ. لېكىن كېپىنەك چىققان پىلىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى غوزەكنىڭ ئۈچى يوقىلىپ كېتىدۇ ياكى ئۈزۈلۈپ كېتىپ تارتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا قۇرت غوزەكنى تېشىپ چىقارماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى تېز ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. قۇياش نۇرىدا ياكى مەخسۇس ياسالغان ئۆيدە 70 گرادۇس ئىسسىقلىقتا هورداپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن پىلىنى ئازراق سوۋۇتۇپ قازانغا سالىدۇ. قازاندا قاينىغاچ

www.uyghurkitap.com



غوزىنىڭ ئۇچى چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ. بۇ ناھايىتى ئىنچىكە بولغاچقا 10 ـ 15 دانە ئۇچىنى بىر قىلىپ تۇتقۇچقا ئورىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇچۇن ياغاچتىن ياسالغان مەخسۇس سايمانلىرى بار. يىپ ھەرقانچە ئىنچىكە بولسىمۇ ئۇزۇلمەي ئۆز رېتى بويىچە تارتىلىپ چىقىۋېرىدۇ. قازاندىكى پىلە غوزىسى تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇرتى قازاندا قالىدۇ. يىپنىڭ ئۇچىنى تېپىپ ماشىنىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش ئۇچۇن قازان يېنىدا بىرەيلەن تۇرىدۇ. ئۇ ماشىنا بىلەن ئايلاندۇرۇپ تۇتقۇچقا ئوراپ تۇرىدۇ. ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خوتۇن ـ قىزلار بولۇپ كۈنلۈك ھەققى 10 ـ 50 پۇلدىن توغرا كېلىدۇ. خوتەندە مۇشۇ كۈنلەردە بەك جىددىي ئىشلەۋاتقان ئىككى پىلە زاۋۇتى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئەرمەنلەرنىڭ. بۇنىڭ بىرى يىگىردىن مۇسۇلمان بولغان خۇدابەردى باي، بۇ كىشى خوتەنگە پۇلسىز كېلىپ شۇ كەسىپ بىلەن ئون يىل ئىچىدە بىر نەچچە ئونمىڭنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان. بۇ زاۋۇتلاردا ھەر كۈنى يۈزلەرچە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئىشلەپ تۇرىدۇ. بۇلتۇرقى ھېسابقا قارىغاندا بىر چارەك (چارىكى 17.2 قاداق) پىلىدىن 20 سەر (بىر سەرى ئون مىسقال) يىپەك چىققان. بىر سەرى خوتەندە 80 پۇلغا سېتىۋېلىنىپ پەرغانىغا بارغاندىن كېيىن 220 پۇلدىن سېتىلغان. دېمەك، بىرگە بىر پايدا بولغان. يىپەك قۇرتى بېقىش ناھايىتى پايدىلىق بىر كەسىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىشىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. يىپەكنىڭ قانداق ئېسىل نەرسە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق نەرسە. پىلە قۇرتىنىڭ يىپىكىدىن باشقىمۇ نۇرغۇن پايدىسى بار. مەسىلەن: ئۆلتۈرۈلگەن قۇرت يەرنى ئوغۇتلاشقا بەك باپ كېلىدىكەن. يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر خالتا قۇرت 100 خالتا تېزەكتىن كۈچلۈكرەك بولارمىش. پىلە قاينىتىلغان سۇمۇ كۈچسىز يەرنى ئوغۇتلاشقا شۇنداق پايدىلىقمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلە قاينىتىلغان سۇ يەرگە تۆكۈلۈپ ئاغدۇرۇلىدىكەن. ئەگەر يىپەك قۇرتى بېقىش تەرتىپلىك يولغا قويۇلغان بولسا ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرى شۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا نۇرغۇن بايلىق ياراتقان بولاتتى. 40 ـ 30 كۈندە ئالتە سومغا بىر قۇتا ئۇرۇق ئېلىپ كەتكەن يېزا كىشىلىرى شۇ ئۇرۇقتىن چىققان پىلىنى بازارغا ئەكىرىپ يەنە 30 ـ 40 سومغا سېتىپ قايتىپ كېتىدۇ. مانا پايدا دېگەن! پىلە بېقىش بەك ئاسان ئىش. كۈندە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئۈجمە يوپۇرمىقى تاشلاپ بەرسەڭ بولدى، باشقا ئىش يوق.

(3) ساياھەت ۋە ساياھەتچىلەر

مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر ساياھەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئىشقا مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىپ مەخسۇس شىركەتلەرنى قۇرىدۇ. ئىلمىي ئورۇنلارنى تەسىس قىلىدۇ. تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە مەلۇماتلىق ساياھەتچىلەرنى تەربىيىلەيدۇ. ئاندىن قابىل ۋە ياراملىق ئادەملىرىنى يەر يۈزىنى كېزىشكە سالىدۇ، ئۆز ساياھەتچىلىرىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە مەسئۇل بولىدۇ. ساياھەتچىلەرمۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى سىرلارنى ئېچىش ھەۋىسى بىلەن قۇش ئۇچۇپ ئۆتمىگەن يەرلەرگىچە بارىدۇ. ھەممە نەرسىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ، تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. دوزاختەك ئىسسىق، زۇمھەرىردەك سوغۇق يەرلەردە، تاغۇتاشلار ئارىسىدا، چوڭقۇر دېڭىز ۋە قېلىن ئورمانلىقلاردا تۈرلۈك يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارىسىدا، پايانسىز چۆل ـ جەزىرىلەردە مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ يۈرىدۇ. ھاياتىدىن ئايرىلىپ ئادەم ئاياغ باسمىغان يەرلەرگە، ئاللىقانداق يەرلەرگە كىرىپ كېتىدۇ. نانسىز، سۇسىز قالغان ۋاقىتلىرىمۇ ئاز بولمايدۇ. بۇ يولدا مېلىنىلا ئەمەس، ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىدىغانلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار نېمىشقا شۇنچىلىك ئېغىر مۇشەققەتلىك سەپەرلەرنى قىلىشنى خالاپ قالىدۇ. ئۇلار بۇنىڭسىزمۇ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۈنلەرنى كۆرەلەيتتىغۇ؟ ئۇنىسى راست، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى يېتەرلىك، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئىنسان ھەممىگە قادىر شۇنداق بىر مەخلۇقتۇركى، ئۇ يۇقىرى ئۆرلەشتىن ئەسلا تويمايدۇ. چۈنكى تەرەققىياتنىڭمۇ بېرىپ توختايدىغان يېرى ـ ئاخىرقى چېكى يوق. ئىنسانلار ھەرقانچە ئېسىل مەدەنىيەتلەرنى ياراتسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدە يەنە تەرەققىياتقا يول قالىدۇ. ھەر كامالنىڭ بىر زاۋالى بار. ئىنسانىيەت ھازىر تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يېتىدىغان پەللە قالمىدى، دېگۈچىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىكىرنىڭ توغرا پىكىر ئەمەسلىكى مەلۇم. ھەر كامالنىڭ بىر زاۋالى بار دېگەن، سۆز قانداقمۇ بىر پەيلا-

سوپىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز بولسۇن. بۇ بىر قۇرۇق سۆزدىنلا ئىبارەت، بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقى تا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچقانداق بىر مەنتىقچى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغىنى يوق. سۆزىمىزگە كېلەيلى: مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ساياھەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر يەنىلا ئىنگلىز، فرانسۇز، گېرمان ۋە شۋېدلاردۇر. ساياھەتچىلەر قانداق نەرسىلەرنى تاپتى؟ بۇلاردىن مىللەت ۋە ئىنسان نېمە پايدا كۆردى؟ بۇ مەسىلىگە ياخشى جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن توم ـ توم ساياھەتنامىلەرنى ئوقۇش لازىم. ئىنگلىزلار ھىندىستاننى ساياھەت قىلىپ تاپتى. بايلىقى بىلەن مەشھۇر ئامېرىكا قىتئەسىمۇ ساياھەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىك ئۈچۈن بەك كېرەكلىك بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە باشقا پايدىلىق مەدەنلەر ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن بايقىلىدۇ. ساياھەتچىلەر بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. ئۆز مىللەتلىرىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن ساياھەتنامىلىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدۇ. تۈرلۈك جايلاردىكى تۈرلۈك ھايۋانات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. خەرىتىلەرنى سىزىدۇ. تۈرلۈك ماۋزۇلاردا جۇغراپىيىۋى ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ. ئومۇمەن تەبىئەتنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. تەبىئەت ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىگە يول ئاچىدۇ. تارىخ ۋە ئاسار ئەتىقە ھەققىدىكى ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. ساياھەتچىلەر ئۆز مىللەتلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلغۇچى مۆھتەرەم زاتلاردۇر. ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆز راھەتلىرىدىن كېچىپ، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشقۇچى پىداكارلاردۇر. سەيياھلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرى تەقدىرلەشكە ۋە ماختاشقا لايىقتۇر. مۇزدىن باشقا نەرسە تېپىلىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان جەنۇبىي قۇتۇپلارغا قەدەر كېتىپ يوقاپ كېتىش ساياھەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە يەتسە كېرەك. ساياھەت مۇشۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاننىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان. بىزدە بۇ ئىشلارنى قىلغۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق. ھازىرچە ئۈنچىلىك ئالىي ۋە پىكىرگە ئىگە بولغىنىمىزمۇ يوق تېخى. بەلكى بۇنىڭدىن كېيىن بولسا بولۇر، چۈنكى ئىنسان تەرەققىيات ئىزدىگۈچىدۇر.

## كاشغەر نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى

قەشقەردىكى تۇنجى ئۇسۇلى سەۋتىيە مەكتىپى ھىجرىيە 1330 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللا تەرىپىدىن ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ تۇنجى يىلى خېلى ياخشى داۋاملاشتى. كېيىن ئابدۇقادىر داموللا ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ئورنىغا شاگىرتلىرىدىن بىرىنى قويدى. شاگىرتلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن بۇ مەكتەپ ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىللىرىغا ئۆتۈپ خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ ئاقىۋەتتە ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى.

ھىجرىيە 1332 ـ يىلى جامائەت ئەربابلىرىدىن باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ، ئىمىن ئاخۇن باقى ھاجى ئوغلى، سىدىق ئاخۇن، كامال ئاخۇن، ئەلى ھاجى، ئابدۇرېھىم ئاخۇن، نىياز ھاجى، نۇر ئاخۇن، مەھمۇت ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇن، ئابدۇكېرىم مەخدۇم، شەمسىدىن داموللا، ئابدۇقادىر داموللا، زىيىنىدىن بەگ، ياقۇپ بەگ ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى ئارقىسىدا «نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى» تەسىس قىلىنىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش يولىدا جىددىي ئىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا ھۈسەيىن باي مۇسابايېۋ جانابلىرى چەتتىن بىر مۇئەللىم كەلتۈرۈپ ئاتۇشتا بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ بىر يېرىم يىل بىر نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ھىجرىيە 1334 ـ يىلى بۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىككىسىنى قەشقەرگە ئەكېلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىككى مەكتەپ ئاچتى. بۇ چاغدا مەنمۇ قەشقەردە ئىدىم. مەكتەپ ئېچىلىش بىلەن قەشقەرنىڭ نوپۇزلۇق بايلىرىدىن ئۆمەر ئاخۇن بۇ ئىشقا قارشى چىقتى. سەۋەبى مۇسابايېفلارنىڭ ئابرۇيى قازىنىپ كېتىپ، ئۆمەر بايدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئاخىرىدا ئۆمەرباي مەزكۇر مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنى ھۆكۈمەتكە چاقتى. مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئەخمەت كامال ئەپەندى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى تەقىپ قىلىندى. ئەخمەت كامال ئەپەندى بېيجىڭدىكى گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدىن خەۋەر كەلگەنگە قەدەر 85 كۈن قاماقتا ياتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەكتەپنىڭمۇ، جەمئىيەتنىڭمۇ سىياسىيدىن خالىي ئىكەنلىكى، بەلكى پۈتۈنلەي ئىلمىي تەشكىلات ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكتەپلەر يېپىلدى. جەمئىيەتمۇ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدى. بىراق ئەخمەت كامال ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى ھەم يېپىلغان مەكتەپلەردە خەنزۇچىنىمۇ ئوقۇتۇش شەرت قىلىندى.

ئۆمەر باينىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇزغۇنچىلىقنى توختاتمىدى.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى پەرز ئەمەللەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغان بىر ئىنساننىڭ بۇ ئىشقا شۇنچىۋالا جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى پەقەت ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. بەلكى بۇ ئىشتا بىرەر چۈشىنىشمەسلىك بارمىدۇ، دەپمۇ ئويلىدىم ئىچىمدە. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مۇسۇلمان بايلىرى شەخسىي ئەرزلىرىنى كەينىگە چۆرۈپ تاشلاشلىرى كېرەك ئىدى.

(1) ئالتىشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار

بۇ يەردە 50 ـ 60 يىللار ئىلگىرى مەيلى سودا ـ تىجارەت بولسۇن ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىدە ئىدى. ئۇ چاغلاردا چەت ئەللىكلەر بىلەن باردى ـ كەلدى ئىشلىرىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى چەتكە مال تارتقۇچى سودىگەرلەرنىڭ يولدا ئوغرى ـ قاراقچىلارغا ئۇچراپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشى ئىدى. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيانىڭ روسىيىگە قوشۇلۇشى بىلەن سودىگەرلەرگە يول ئېچىلغان. شۇ چاغلاردىمۇ نۇرغۇن سودىگەرلەر بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران بولغان. ئالمۇئاتا رۇس قولىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ يەرلەردە روسىيە نوپۇزى يىلتىز تارتقاندىن كېيىنلا، بۇ يەرلەردىكى بۇلاڭچىلىق بېسىققان. شۇ چاغلاردا بۇ يەردىن نۇرغۇن قوينى ئېلىپ بېرىپ سېتىش، ئۇياقتىنمۇ رۇس ماللىرىنى ئېلىپ قايتىشتەك سودىلار بولغان ئىكەن. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇس ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەندىن كېيىن ئوغرىلارنىڭ قوللىرىمۇ قىسقىراپ، سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالمۇئاتا ۋە قاراقول يولى ئېچىلغان.

قەشقەر خەلقى بۇ يەردىن قوي، تېرە، يۇڭ، ئۆچكە يىگەندەك نەرسىلەرنى قوقانغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرغان. ئۇ يەردە بىر مۇنچە فىرمىلار بىلەن توختاملىشىپ تۈرلۈك مال، تاۋارلارنى قەشقەرگە ئېلىپ قايتقان. مانا شۇنىڭ سايىسىدە قەشقەردە نۇرغۇن دۇكان، سارايلار ئېچىلغان.

بۇ سودىدىن دەسلەپتە بىرگە بىر پايدا قونۇپ تۇرغان. بۇ ياقتىن ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى ئۇ ياقتا ئىككى ھەسسە، ئۇياقتىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىمۇ بۇ ياقتا ئىككى ھەسسە باھا قوشۇپ ساتقان.

ئىلگىرى شەھەر خەلقى بولسۇن، يېزا خەلقى بولسۇن گۇرۇھ، مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئۆمرى جەڭگى ـ جېدەل ئىچىدە ئۆتەتتى. يوللار تىنچلىنىپ سودىدىن پايدا كۆرۈشكە باشلىغان خەلق بىردىنلا جانلىنىپ تۇرمۇشنىڭ تەم ـ لەززىتىنى سېزىشكە باشلىغان. سودىگەرلەر بەش ـ ئالتە يىل ئىچىدە 15 ـ 20 مىڭ سومنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ تەدرىجىي بېيىشقا باشلىغان. سودىگەرلەرنىڭ سانىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىغان، 20 ـ 25 يىلنىڭ ئىچىدە قەشقەر سودا مەركىزىگە ئايلانغان.

خەلقنىڭ بېيىشى سىرتتىن قارىماققا بەك ياخشى ئىش بولسىمۇ لېكىن بۇ بايلىقنىڭ ئاساس ھۇلى بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ سودا ئىلمىنى بىلمىگەنلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئىلىم يولى بىلەن ئىش تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇنغا بارالمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ نەزەردىن چۈشۈشى بىلەن بىچارە خەلقنىڭ تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىك يوللىرى تارىيىشقا باشلىغان؛ ئىككىنچىدىن، خەلق موھتاج بولغانلىقتىن سودىگەرلەرنىڭ نېسىلىرىمۇ ۋاقتىدا تۆلەنمەي قالغان. نەتىجىدە خەلق سودىگەرلەرگە، سودىگەرلەر شىركەتلەرگە قەرزدار بولۇپ قالغان. ئاقىۋەتتە شىركەتلەر قەشقەرلىكلەرگە مال سېتىشنى توختاتقان. ھازىر قەشقەرلىكلەردىن پەقەت ئىككىلا كىشى (مۇسابايېفلار ۋە ئاخۇنبايېفلار) روسىيە ۋە قوقاندىن مال ئالالايدۇ. قالغانلىرى بولسا «كۇللى شەيئى يەرجىئۇ ئەلا ئەسلىمى» قانۇنىغا بويسۇنۇپ قالغان.

ئەمما ئالتىشەھەر ۋە پەرغانىنىڭ مۇساپىرلاردىن بەش ـ ئالتە كىشى سودىسىنى ياخشى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. يەنە ئۆتكەن يىلى تاشكەنت ۋە قوقاندىن سىندىل ۋە تۆۋېر شىركەتلىرى كېلىپ ئىسكىلات قۇردى. بۇلار تىنچلىق بولسا يەنە ئالتىشەھەرنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئىسكىلاتلارنى ئاچماقچى ۋە پۈتكۈل ئالتىشەھەرنىڭ سودىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى، يەنى بۇ يەردىكى خام ئەشيالار-

2005.6

نىمۇ ئۆزلىرى ئېلىپ شىركەتلىرىگە ئەۋەتىپ تۇرماقچى ئىدى. بىراق، بۇ يىلقى پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش ۋە تىنچسىزلىقلار سەۋەبىدىن ئۆز ئىشلىرىنى باشلىيالماي قالدى. ئەگەر ۋەزىيەت ئىلگىرىكى ھالىتىدەك تىنچ تۇرسا «ردفا»دىن بىر شىركەت كېلىپ بۇ يەردە بىر تاش ئايىغ ئىسكىلاتى ئاچماقچى.

ئالتىشەھەردە شۇنداق چوڭ شىركەتلەر ئىسكىلات قۇرۇپ پاختا، يۇڭ، ئۈچەي، تۇۋىت، تېرە، يىپەك سودىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدىنغانلىقىنى، مىليونلارچە ئىشسىز يۈرگەن مۇسۇلمانلارغا قىلغىدەك ئىش چىقىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا بۇ ئىش يامان بولمايتتى. لېكىن ئوبدانراق ئويلىغاندا بۇ ئىش ئۇنچىۋالا شادلانغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق بولۇۋەرسە يەرلىك خەلقنىڭ ئىچىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان ئادەم چىقمايدۇ، توغرىسى خىزمەتچى، مالاي بولۇپ ئۆمرىنى ئازاب - ئوقۇبەتتە ئۆتكۈزىدۇ. توغرا، ھازىرقىدەك تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققانغا قارىغاندا مالاي بولۇپ ئىشلەپ جان بېقىش مىڭ ياخشى. ئەمما ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئارا ئۇيۇشۇپ ئىقتىسادىي جەمئىيەتلەر قۇرۇپ، سۇسىز يەرلەرگە سۇ چىقىرىپ، بوش، بىكار ياتقان يەرلەرگە زىرائەت ۋە كېۋەز تېرىپ، مۇستەقىل ئىشلەپ، مۇستەقىل پۇل تېپىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىيكتورۇپ، مۇمكىن بولسا زاۋۇت - فابرىكىلارنىمۇ ئېچىپ، سودىنى پۈتۈنلەي قولدىن بېرىپ قويماي ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ۋەلى ئاخۇندىن ئېلىپ ئەلى ئاخۇنغا سېتىش بىلەنلا سودىگەر بولغىلى بولمايدۇ. قوقاندىن ئېلىپ كېلىپ قەشقەرگە سېتىش بىلەنلا قەرزدىن قۇتۇلۇش قىيىن. ئۆز ئېلىڭ نامرات ۋە موھتاجلىقتا تۇرغاچقا مۇنداق بايلىق ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭمۇ ئەسلىي ھالىتىڭگە قايتىپ قالىسەن. شۇڭلاشقا ئەگەر راستىنلا بېيىغۇڭ كەلسە ئالدى بىلەن خەلقىڭنى بېيىتىشنىڭ چارىسىنى قىل. تىلەمچى ۋە گادايلارغا ئىش تېپىپ بەر. ئېرىق - ئۆستەڭ قازدۇر، سۇ چىقارت، زىرائەت ۋە كېۋەز تېرىت، تاغلاردىن ئالتۇن، كۆمۈش، تۆمۈر، قوغۇشۇن، نېفىت، كۆمۈر قازدۇر. مانا مۇشۇنداق ئىشلىگەندە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بېيىيدۇ، سېنىمۇ ناھايىتى تېزلا بېيىتىدۇ.

مانا قەشقەر دەرياسى، ئەنە ئاقسۇ، ياركەنت دەريالىرى، ئەنە يەرنىڭ تېگىدە نى - نى بايلىقلار قەدرىسىز ياتماقتا. سەن پاختا كۆپىيىپ كەتسە پايدا بولمايدۇ، دەپ قورقۇۋاتامسەن، ھەرگىز قورقما، روسىيىگە ھەر يىلى 20 مىليون پۇت (بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقتۇر) پاختا كېرەك. لېكىن روسىيىدىن ئاران 10 مىليون پۇتلا پاختا چىقىدۇ. قالغىنىنى روسىيە مىسىر ۋە ئامېرىكىغا ئالتۇن بېرىپ سېتىۋالىدۇ. سېنىڭ زېمىنىڭدا روسىيىنىڭ قەغەز پۇلى بەك تېز ماڭالايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن مىسىر ۋە ئامېرىكا بېرەلىگەن پاختىنى سەن نېمىشقا بېرەلمەيسەن؟ ئۆزۈڭ بەرسەڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ، ئۆزگىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئەمەسمۇ؟

ھازىرنىڭ ئۆزىدە قەشقەردىن روسىيىگە ئارانلا 100 مىڭ پۇت پاختا چىقىدۇ.

توغرا، روسىيە ھۆكۈمىتى ئالمۇئاتا يولىنى پۈتكۈزىدۇ. يەرغانىنى پاختا بازىرىغا ئايلاندۇرسا ئۇ ھالدا چەتكە ئۇنچىۋالا ھاجىتىمۇ چۈشمەس. لېكىن ھەرقانچە بولسىمۇ پاختىڭىز سېتىلماي قالمايدۇ.

كىشى قولىدا قۇش تويماس، دېگەن گەپ بار. قولىڭىزدا باي ۋە مۇنبەت يېرىڭىز بولغاندىكىن ئەمدى ئۇششاق - تۇششەك سودىنى قويۇپ تېگى بارراق ئىشتىن بىرنى تۇتۇپ، ئۆز قارنىڭىزنى ئۆزىڭىز تويغۇزۇشقا غەيرەت قىلىڭ. ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ ئىقتىسادىي ئاساس سالسىڭىز ئۇنى كامالىغا يەتكۈزۈشكە ھۆكۈمىتىڭىزمۇ ياردەم قىلغۇسىدۇر. شۇنىمۇ ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، سىز بىر ئىشنى باشلىماي تۇرۇپ ھېچكىم سىزگە پۇل تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. ئىش بىلەن داڭقىڭىز چىقسا خېرىدارىڭىزمۇ چىقىدۇ، پۇل بىلەن ياردەم بەرگۈچىلەرمۇ چىقىدۇ.

مازارلىقلارغا قىلغان قۇربانلىقلىرىڭىزنى ئىشچىلىرىڭىزغا يېگۈزسىڭىز تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

(2) ئالتىشەھەردە ئىقتىسادىي ئىشلار

ئومۇمەن ئالتىشەھەردە، بولۇپمۇ قەشقەر تەرەپلەردە بىردىنبىر ياخشى كەسىپ تېرىقچىلىقتۇر. لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر بىزنىڭ خەلق بۇ ئىشقا تازا كۆڭۈل بۆلمىگەن. تېرىقچىلىق ئىشلىرى تەرتىپسىز، ئۇنۇمسىز بولغاننىڭ

ئۇستىگە ھەدېسە تىجارەت ئىشلىرىغا ئۇرۇنىدۇ. ئىككى-ئۈچ يىل سودا-تىجارەت قىلغانلار ئىچىدە يەر ۋە مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغانلار كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى، مەدەنلىرى كۆپ. ئازراقلا تىرىشسا نۇرغۇن پايدا تېپىش ئىمكانىيىتى بار. بۇ يەر تېرىقچىلىققا بەك باب كېلىدۇ. ياخشى پەرۋىش قىلىنغان يەردىن ياخشى مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. توغرا، ئۇلار يەرگە ئىشلىگەندە خېلى ياخشى ئىشلەيدۇ. يەرنى ئاغدۇرىدۇ ياكى كەتمەن بىلەن چېپىپ يۇمشىتىدۇ. ئوغۇتلايدۇ، سۇغىرىدۇ. ئۇرۇقنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن يەرنى ئوتايدۇ، سۇغىرىدۇ. بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش شۇكى، ئۇ بولسىمۇ بېدە تېرىشتۇر. بۇنىڭدىن كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدۇ. بېدىنى بىر يىلدا ئۈچ-تۆت قېتىم ئورۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇنى كۆپىنچە ھاللاردا بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ، قالغىنىنى يەنە توغراپ قىشلىق ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بەش-ئالتە قادىقى بەش تىيىندىن ئون تىيىنغىچە سېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىشىمۇ ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. يىل بويى ئوتاشمۇ، ئاغدۇرۇشمۇ، چېپىپ يۇمشىتىشمۇ ھاجەت ئەمەس. بىر قېتىم ئىشلەپ ئوغۇتلاپ تېرىلغان بېدە ئون يىلغىچە ئۈنۈپ ھوسۇل بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا سۇمۇ جىق كەتمەيدۇ. بىر قېتىم ئورۇغاندا بىر سۇغىرىپ قويسا كۇپايە. بۇ يەردە سۇ يېتەرلىك بولۇپ، بەزى يەرلەردە تېخى سۇ ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ. لېكىن مۇشۇ پايدىلىق نەرسە ئاز تېرىلىدۇ. بېدىنى كۆپ تېرىغاندا چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەك پايدىلىق بولغان بولاتتى.

ھازىر بۇ يەردە مال چارۋىچىلىققا تازا كۆڭۈل بۆلۈنمەيۋاتىدۇ. بۇ يەردە دېھقانچىلىقنىڭ چارۋىچىلىققا، چارۋىچىلىقنىڭ دېھقانچىلىققا بولغان پايدا مۇناسىۋىتى ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە يەر ئوغۇتلانماي تۇرۇپ تېرىلمايدۇ. مال چارۋا ئاز بېقىلغاچقا سۈنئىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا يەرنى ئوغۇتلاشتا پەقەت مال قىغىدىنلا پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە مال قىغىنىڭ بىر خالتىسى ئون تىيىنغا سېتىلىدۇ. ئادەم گەندىسىنىڭ بىر خالتىسى 50-60 تىيىنغا سېتىلىدۇ. بۇ يەردە قىغنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرگە كۆمۈپ چىرىتىشتەك ئۇسۇللارمۇ بار. بۇ ئىشنى ماختاشقا لايىقتۇر. چۈنكى بۇلار مۇنداق ئىلىمنى مەكتەپتىن ئۆگەنگەن ئەمەس، تەبىئەت دەرسىدىمۇ ئۆگەنمىگەن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ توغرىدا باشقا چارىلەرنىمۇ قوللىنىش مۇمكىن.

مەسىلەن: بۇ يەردە ئوتۇن ئاز، شۇڭا يەرنى ئوغۇتلاشقا كېتىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىنچىسى كۆل بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بۇنىڭ چارىسى، دېھقانچىلىققا يارىمايدىغان يەرلەر، ئويمان-دۆڭلەر، سازلىقلار، سۇ بويلىرىنى تۈرلۈك دەل-دەرەخلەر، تېرەك ۋە تاللار بىلەن تولدۇرۇشتۇر. بۇنىڭ ھەر جەھەتتىن پايدىسى كۆپ. بۇ يەردە دەل-دەرەخلەر بەك تېز ئۆسىدۇ. ئىككى يىلدا چەڭزە، ئۈچ-تۆت يىلدا لىم بولۇشقا يارايدۇ. بىر قېتىم كېسىپ بولغاندىن كېيىن يەنە تېگىدىن شۇڭ تارتىپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا دەل-دەرەخنى ئاسانلىقچە خوراتقىلى بولمايدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئەڭ پايدىلىق نەرسە پاختىدۇر. كېۋەز تېرىشقا ئۇنچىۋالا جىق سۇمۇ كەتمەيدۇ. تېرىلىدىغان يەرنى قىش كۈنى بىر قېتىم تولۇق سېلىپ قويسىلا بولىدۇ. كېۋەزنىڭ ھەممە يېرى پايدىلىق. چىگىتىدىن ياغ تارتىلىدۇ. ئۆي-ئۆيلەردە جىن چىراغقا ياغ قىلىنىدۇ. ياغ تارتىپ ئېشىپ قالغىنى كۈنجۈرە دېيىلىدۇ. كۈنجۈردە قوي باققىلى بولىدۇ. كۈنجۈرە يەپ سەمرىگەن قويلار ئادەتتىكى قويلاردىن 20 پىرسەنت ئېغىر كېلىدۇ. مەسىلەن: بەش سومغا يارايدىغان قوي كۈنجۈردە بېقىلسا 15 سومغا يارايدۇ. كېۋەزنىڭ غولىنى ئوتۇننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ نان يېقىشتا تونۇر قىزىتىشتا بىرىنچى دەرىجىلىك ئوتۇن بولىدۇ. پاختىنىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.

ئەمدى يەرگە ئىشلەش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىش تېخىمۇ ئوڭاي. بۇ يەردە ئەمگەك كۈچى كۆپ ھەم ئەرزان، كەتمەن چاپقۇچىلارنىڭ كۈنلۈكى ئاران 20 تىيىن، پاختا تەرگۈچى، چىگىت ئايرىغۇچى خوتۇن-قىزلارنىڭ كۈنلۈكى ئارانلا ئون تىيىن.

بۇ يەردىن ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، ناك، گازىر، ئامۇت، نەشپۈت، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىق تۈرلۈك

مېۋە ـ چېۋىلەر چىقىدۇ. لېكىن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. توغرا، باغلار بار، مېۋىلەر پېشىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئاز، يەيدىغان ئادەم كۆپ. بۇ يەردە بايلار باغ قىلىدۇ. باغچىسىز باي، سودىگەر يوق دېسەم يالغان بولماس. لېكىن ئۇلار ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى دەپ ئەمەس، بەلكى ياز كۈنلىرى سايىداش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا باغ قىلىدۇ.

ھۆكۈمەت كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن يەرلىك خەلققە نۇرغۇن نەرسە بېرىدۇ. ئۇلارغا پۇل بەرمەي تۇرۇپ ئالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەرنىڭ بايلىرى بۇ ئىشقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شەھەرگە يېقىنلا يەرلەردە ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرغان نېفىت بۇلاقلىرى بار. ئالتەشەھەرگە كىرسىن روسىيەدىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ بىر قادىقى 15 تىيىندىن 20 تىيىنگىچە سېتىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا جىن چىراغ ياقىدىغانلار ئازىيىپ لامپا ئىشلىتىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن كىرسىنگە بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ئاشىدۇ.

تووۋا دەيمەن، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە! سودا قىلىمەن دەپ گەردىنىگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ ئەلگەكتىكىنى چېلەككە تۆكۈپ يۈرگىچە تەڭرى ئاتا قىلغان بايلىقلاردىن پايدىلانسا بولماسمىدى؟

ئالتەشەھەرنىڭ قايسىلا شەھىرىگە بارماڭ، كوچىلاردا كۆزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغان نەرسە گۆرۈخانىلاردىن ئىبارەت. گۆرۈخانا ئىگىسى خەنزۇ بولۇپ، ئۇلار شۇ ئىش بىلەن سودا قىلىپ خېلى ياخشى پايدا تېپىپ تۇرىدۇ. گۆرۈخانىلارنىڭ ئالدى مۇسۇلمانلار بىلەن تولغان بولىدۇ. بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىلاردىن تارتىپ گۆرۈخانىلار بىلەن ئېلىش ـ بېرىش قىلمىغان ئادەم قالمايدۇ. بۇ يەرگە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنلار ۋە قىمارۋازلارنىڭ ئىشى كۆپرەك كېلىدۇ. بۇلار ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىگىچە تارتىپ گۆرۈخانىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ساتىدىغان نەرسىسى قالمىغان قىمارۋازلار ئۇتقان كىشىگە قۇلىقىنى كېسىپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. قۇلاقلىرىمۇ كېسىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن يەنە نېمىسىنى دوغا تىكىدىغانلىقىنى بىلمىدىم.

بۇ يەرلەردە دوختۇرلار بولمىغاچقا، داخانىلار، باخشى ـ پېرىخۇنلارغىمۇ نۇرغۇن پۇللار ھارام كېتىپ قالىدۇ.

ھەزرىتى ئاپپاق خوجىنىڭ يېنىغا كۆمىمىز دەپ ئۆلۈكلەرنى ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك يەرلەردىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىش، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ نەزىر تارتىشتەك ئىشلارمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەك زىيانلىق ئىشلاردۇر.

### ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدا مەكتەپ ۋە مائارىپ مەسىلىسى

پۈتكۈل دۇنيا خەلقى مائارىپ، سانائەت ۋە تىجارەت ساھەسىدە ئالغا كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە كۈندىن كۈنگە كەينىگە چېكىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

ئالدىنقى يىللىرى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابايېفلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەشقەردە بىر يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى ئېچىلغانىدى. بۇ مەكتەپ بەش ـ ئالتە يىل داۋاملاشقان بولسا ئالتەشەھەر ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن بەختسىز بۇ خەلق شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى. بۇ مەكتەپ بىر يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ـ دە، كۆزنى ئېچىپ يۇمغاندەكلا يېپىلىپ كەتتى، قايتىدىن ئېچىلمىدى. ئوقۇتقۇچىسى نازارەت ئاستىدا قالدى. مانا شۇ سەۋەبلىك قەشقەر دىيارى بۈلتۈرقى ھالىتىدىكىدەك ئوقۇتقۇچىسىز، تەربىيىسىز قالدى. بۇ ھەقتە قايتا گەپ قىلىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى. ئەگەر بۇ مەكتەپنى قايتا ئېچىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ھۆكۈمەت چوقۇم رۇخسەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ھۆكۈمەتتىن تەستىق سورىغۇچىمۇ، بۇ ھەقتە ھەرىكەت قىلغۇچىمۇ، قايغۇرغۇچىمۇ چىقمىدى. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلىدىغان نى ـ نى نەرسىلەر بار. پەقەت ئۇنى تەلەپ قىلغۇدەك كىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئىشلار جاۋابسىز قالماقتا. خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇدەك بىرمۇ كىشىنىڭ يوقلۇقى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ئىشتۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەكتەپ يېپىلىپ قالغاندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان مەزلۇم شاگىرتلار بىر نەچچە ئورۇندا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرمەكتە. لېكىن مەلۇماتى بەك ئاز ۋە يۈزەكىي بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەپەندىلەر تەلەپكە لايىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن تېخى يىراق. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ كەمچىلىك ۋە

يېتىشسىزلىكلىرى تەبىئىي ئىش بولۇپ، كەچۈرۈشكە لايىق بولسىمۇ، ياش ئوقۇتقۇچىلارغا يول كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ:

1) بارلىق يېڭىچە مەكتەپلەردە ئۇسۇلى سەۋتىيە بىلەن ئوقۇتۇش يەنى سوزۇق تاۋۇشلۇق ھەرپلەرنى ئىشلىتىش قائىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەپەندىلەر بۇ يولدا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىنمۇ ياكى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىنمۇ ئىشقىلىپ، يېڭىچە مائارىپ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماي كونا ئىملا بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچى ئەپەندىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، باللار ئۈچۈنمۇ خېلى ئېغىر، قىيىن ئىش.

2) باللارنى سوزۇق تاۋۇشلۇق ئىملا بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش ـ يېزىشقا ئۆگىتىش ھەم يەڭگىل، ھەم پايدىلىق. يېڭىچە مائارىپنىڭ شەرتى شۇ. بۇ ئىشقا ئوقۇتقۇچى ئەپەندىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىنى سورايمەن.

## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا رامزان ئېيى

جۈمە كۈنى تاراۋى ئوقۇلۇپ شەنبە روزا تۇتۇلدى. رامزان ئېيى كىرىشى بىلەن ئولەت ئاغرىقى يەنە ئەدەشكە باشلىدى. خوتەن ئۆلىماسى بۇنى پاھىشۋازلىقتىن كۆردى. لېكىن بۇ ئىشنى يىلتىزدىن قومۇرۇش توغرىسىدا «ھەد» باشقا چارە تېپىلمىدى. پاھىشۋازلىق بولسۇن ياكى ئولەت كېسىلىنىڭ ئەۋجەپ كېتىشى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ سەۋەبى مۇنتىزىم مەكتەپلەرنىڭ يوقلۇقى ۋە شۇ سەۋەبلىك خەلقنىڭ نادانلىقتا قېلىشىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ياخشى مەكتەپ ۋە تەربىيە ۋاستىسى بىلەن خەلقنى ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئۆگىتىش، باللارنىڭ روھىنى ياشلىقتىن تارتىپ تازىلاشقا ئۆگىتىشتىن ئىبارەت.

خەلق نادان، ئىلىمدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. شۇڭا قۇرتلاپ كەتكەن كۆل سۇلىرىنى ئىچىدۇ، پاسكىنا ۋە بۇزۇلغان مېۋىلەرنى يەيدۇ، ئومۇمەن تازىلىققا دىققەت قىلمايدۇ. شۇڭا ۋابا قاتارلىق دەھشەتلىك كېسەللىكلەر يامرايدۇ.

رامزان ئېيىدا كۈندۈزى چىڭقى چۈشتىن كېيىن، ئاخشىمى تاراۋىدىن كېيىن مۇنارغا ئوخشاش ئېگىز يەرلەردە داپ، ناغرا چېلىنىدۇ. دۇتار، تەمبۇر، قالۇن دېگەندەك مىللىي سازلار بىلەن نەغمە ناۋا قىلىنىدۇ. مىللىي ناخشىلار ئېيتىلىدۇ. نەۋايى، فۇزۇلى شېئىرلىرى ئوقۇلىدۇ. بۇ بەك ياخشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 17 ـ 18 سائەتلىك ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن سۇلغان كۆڭۈلنى كۆتۈرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۇخارادىكى كىچىك چايخانىلاردا ئولتۇرۇش ۋە باشقا تاماشا قىلىش ئىشلىرى يوق، شۇڭا بۇ يەردە تاراۋىدىن چىقىمىزدە، مۇڭلۇق ناخشا ۋە قالۇن سادالىرىنى ئاڭلىغاچ تاتلىق ئۇخلاپ قالىمىز. مۇزدەك توختاش بىلەن سوھۇرغا قوپىمىز، روزا تۇتىمىز.

بۇ يەردە رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن زاكات بېرىش ئادىتى بار. خوتەن ئۆلىماسىنىڭ تەلىمى بويىچە بايلار زاكاتلىرىنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىدۇ. 1. باي بولسىمۇ ئۆلىماغا؛ 2. سەيد ئەرەبلەرگە؛ 3. پېقىر، مىسكىن، قەلەندەرلەرگە. پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىلمىي ئورۇن يەرلىك مەكتەپلەرگە زاكاتتىن ئۈلۈش تەگمەيدۇ. مەدرىسە ۋەقپلىرىنى سېتىپ مىللەت باللىرىنى يىغلىتىپ، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مۆھۈرلىرىنى بېسىپ دۇنيا تاپقان ئۆلىمالار سىنىپىدىن ھېچنېمە ئاشمايدۇ. ئۇلار بار يەردە مىللەتنىڭ مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ...

## ئالتىشەھەردە ئەرەبلەر

بۇ مەخلۇقلار كېيىنكى يىللاردا ئالتىشەھەردە بەك كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى خەلقنىڭ نادانلىقى بولغاچقا، بۇلار خەلقنى ھەمىشە جاھالەتكە باشلاپ ماڭىدۇ. خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچماسلىققا، ئالتىشەھەرگە ئىلىم نۇرىنى چۈشەرمەسلىككە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ جانابلار كۆرۈنۈشتە بەك سوپى ۋە تەقۋادار كۆرۈنگەچكە نادان خەلق مۇكىبا ئەلا ۋەجھى سەۋەبىدىنلا ئۇلارنىڭ قىپقىزىل يالغانلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

تېخى يېقىن ئارىدىلا ياركەنت شەھرىدە بىر ئەرەب پەيدا بولدى. بۇ زات بۇ يەردە گوياكى بىر پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ جاناب قارماق سېلىشقا بەك ئۇستا بولسا كېرەك، سوپىلىقى، تەقۋادارلىقى بىلەن پۈتكۈل ياركەنت خەلقىنى ھەيران قالدۇردى. خەلق ئۇنى ساھىبى كارامەت (كارامەت ئىگىسى) دەيدىكەن. ئۇ يەنە تېۋىپچىلىقمۇ، داخانلىقمۇ قىلىدىكەن. كارامەتلەردىن

قولى بوشىغاندا ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەتمۇ قىلىپ تۇرىدىكەن.

خەلق: بۇ كىشى بىرىنچىدىن تېۋىپ، ئىككىنچىدىن، سەيىد بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان داۋالىرى بەك ياخشى پايدا قىلىدىكەن، دېيىشىدۇ.

بىر كۈنى بۇ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە مەنمۇ مۇشەررەپ بولۇپ قالدىم. خەلققە قىلىدىغان ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ ھەممىسى: دۇنيا بۇزۇلدى، زامانە ئاخىر بولدى. ئۇسۇلى جەددىيە دېگەن بىر نېمە پەيدا بولۇپ ئادەملەرنى دىندىن چىقىرىشقا باشلىدى، دېيىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۇستىگە ئىسلام نۇرى چۈشسە بىچارە سەيىد، ئىشان، تېۋىپ، داخانلارغا بارىدىغان يەر تېپىلماي تەشۋىشكە قېلىشى تۇرغان گەپ. نېمە دېگەن ئۇستاتلىق ـ ھە! ئۇلار ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئىستىقباللىرىغا قايغۇرۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزماسلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىدۇر. ياركەنت

### قەشقەر

قەشقەر خەلقى ئاددىي خەلق بولسۇن ياكى ئۆلىمالىرى بولسۇن پۈتكۈل شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پەقەت ناماز ئوقۇش، روزى تۇتۇشتىنلا ئىبارەت دەپ بىلىدۇ. مولدىلىرى بۇ ئىككى ئىشنى چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، دەپ چۈشەندۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك قەشقەر خەلقى روزا تۇتىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە ھېچبىر ئىنسان قىلمايدىغان ناچار ئىشلارنىمۇ قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ناماز ئوقۇمىغان، روزا تۇتمىغان ئادەملەرنى بەك قاتتىق جازالايدۇ. ئەمما قىمار ئوينىغان، پاھىشۋازلىق قىلغان، باللىرىنى باشقىلارغا ساتقانلارغا ھېچقانداق جازا يوق. دېمەك، ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار چىلىق تەكشۈرۈلىدۇ. ئەمما بەندە بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ئىشلار ھەرگىز تەكشۈرۈلمەيدۇ. پەقەت قەشقەردىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئالتىشەھەر خەلقى بارلىق بەخت ـ سائادەتنى پەقەت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج تاۋاپ قىلىشتا دەپلا بىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك باشقا ئىشلارغا پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

قەشقەردە سىرتتىن كەلگەنلەرنىمۇ روزا تۇتۇشقا زورلايدۇ. ئۆتكەن يىلى روسىيىلىك بىر سودىگەرنى روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن قازىخانىغا ئېلىپ بارغان. قازىلار ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ، يۈزىگە كۆيە سۈرتۈپ «مانا، روزا تۇتمىغاننىڭ جازاسى» دەپ كوچىدا سازايى قىلغان. قەشقەرنىڭ پۈتكۈل كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قىينىغان پېتى كونسۇلخانىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە كونسۇلغا «بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە روزا تۇتمىغان كىشىنى شەھەردە ساقلاشقا بولمايدۇ» دەپ پەتىۋا چىقارغان. كونسۇل جانابلىرىمۇ قازىنىڭ پەتىۋاسىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ بۇ كىشىنى تاشكەنتكە قايتۇرۇۋەتكەن.

بۇ يىلمۇ شۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئىنسابلىق، كىشىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان بىر كىشىنى روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن سارايدىن چىقىپ كېتىشكە قىستىدى. ياخشىلىقچە كەتمىسە قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپ قوغلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىچارە كىشى ئامالسىز قېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بۇلارنىڭ ئېتىقادىچە روزا تۇتمىغان كىشىگە جەبرى زۇلۇم قىلغان كىشىگە روزا تۇتقاننىڭ ئەجرى ساۋابىنى بېرەرمىش.

### ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا

كېيىنكى يىللاردا ئالتىشەھەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى خېلى ياخشى تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە روسىيە ھۆكۈمىتى يىقىلدى، ئالتىشەھەر پۇقرالىرى روسىيە تۈپرىقىغا ئۆتۈشى چەكلەندى، دېگەن گەپلەر تارقالدى. شۇ سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سودا قىلىۋاتقان كىشىلەر تىجارەتتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن روسىيە تەۋەسىگە يول ئوچۇق.

مۇشۇ ئارىلىقتا جۇڭگو جۇمھۇرىيەت مەجلىسىگە ئالتىشەھەر خەلقىدىن ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش ئىشلىرى بولۇپ ئۆتتى. جۇمھۇرىيەت رەئىسى ۋەكىللەرنىڭ يەرلىك خەلقتىن سايلاپ ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا تازا ئەھمىيەت بەرمىدى. تەرتىپلىك سايلام يىغىنلىرىمۇ بولمىدى. بەلكى بۇ ئىش بەگ ۋە ئامباللارغا تاپشۇرۇلدى ـ دە، بولدى قىلىندى. ئۇلارنىڭ قانداق كىشىنى سايلاپ ئەۋەتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى بولمىدى. خوتەن مۇسۇلمانلىرىمۇ شۇ رەۋىشتە ۋەكىلنى خەنزۇلاردىن سايلاپ ئەۋەتىپ بەردى. پەقەت قەشقەر

MIRAS

www.uyghurkitap.com



مۇسۇلمانلىرىلا ئابدۇقادىر داموللىنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئابدۇقادىر داموللا خەنزۇ تىلىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار زاتتۇر. مىللەتكە ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلالايدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمىز. مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ باشقا شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ ۋەكىللەرنى ئۆزلىرىدىن سايلىسا ياخشى بولاتتى. ھۆكۈمەت بەرگەن شۇنداق كەڭ ھوقۇقلارنى قوش قوللاپ قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ مۇنبەرلىرىدە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. دۇنيا خەلقى ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا قانغا بويىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئاغزىغا چايناپ سېلىپ بەرگەننىمۇ يۇتۇشنى بىلمەيدۇ. جاھاندا ئۆز ئىستىقبالىدىن قايغۇرماي غەپلەتتە يېتىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىسى بولمىسا كېرەك.

تىنچ زامانلاردا ئالتىشەھەردىن ياۋروپا سەيياھلىرى تۈرلۈك نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېلىپ كېتەتتى. گېرمانىيە سەيياھلىرى بولسا زاماننىڭ پەۋقۇلئاددە مالىمان بولۇشىغا قارىماي بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. لېكىن بۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ساياھەتلىرى زامان تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا سىياسىيغا، ئۇرۇشقا مايىلراق بولۇۋاتىدۇ. بۇلار بېتەرەپ مەملىكەت خەلقلىرىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە تارتىش يولىدا ھەرىكەت قىلماقتا. بۇلارنىڭ بىر قانچىسى ئىران، ئافغانىستان ئارقىلىق ياركەنتكە كېلىپ ئۈرۈمچىگە ئۆتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ساياھەتچىلەرنى جۇڭگو مەمۇرلىرى پەۋقۇلئاددە ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالغان. ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويغان. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بېرىشقا يۈزلەپ ئەسكەر قوشۇپ قويغان.

شۇ كۈنلەردە خوتەنگىمۇ شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى كېلىپ كەتتى. بۇ كىشى مۇسۇلمان سىياقىدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ بۇخارالىق ھەمزە ئەپەندى ئىمىش. بېيجىڭدىن چىقىپ لەنجۇ، دۇنخۇاڭ، چەرچەن، چاقىلىق ۋە كېرىيە يولى بىلەن كېلىپ ياركەنت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. يېنىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوشۇپ قويغان ئىككى سولداتمۇ بار. بۇ ئەپەندى جۈمەگە كەلگەندە بۇ ئىككى سولداتمۇ تەڭ كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە پوستتا تۇرغاندەك مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تۇردى.

بىزنىڭچە مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشتا ئۆز ياشلىرىغا تايىنىش كېرەك. بولۇپمۇ بۇ يولدا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشقا تىرىشىپ توم-توم كىتابلار يېزىلغانىنىڭ ئەكسىچە بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان كىچىكرەك بىر رىسالىنىڭمۇ بولماسلىقى كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان كەمچىلىكىمىزدۇر. ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدا ئېلىپبە كىتابلىرىمۇ، مەكتەپلەرمۇ، ساۋات چىقىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ يوق. دىنىي ۋە مىللىي ئىسلاھاتنى چەت مىللەتلەردىن كۈتۈپ ئولتۇرماي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسۇن، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىسۇن. ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلسۇن. ھەر بىر شەھەردە بىرەردىن بولسىمۇ مىللىي ۋە مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پەيدا قىلىشقا، بۇ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك كىتابلار، ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيىچىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلسە بولاتتى.

گېرمانلارمۇ، ئىنگلىزلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر. ئۇلارمۇ مائارىپ ئارقىلىق چىن ئىنسان، زامانغا لايىق كىشى بولۇپ يېتىشكەن. بىز بىچارىلەر تەربىيە كۆرمىگەنلىكىمىزدىن ئىنسانىيەت بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نېسىۋىلىرىمىزدىن قۇرۇق قالغان بىز. ئەگەر بىزمۇ گېرمان، ئىنگلىزلارغا ئوخشاش مۇكەممەل تەربىيىگە ئىگە بولغان بولساق، ئۇلاردىنمۇ ياخشىراق مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بولار ئىدۇق.

(1) ئالتىشەھەر مەكتۇپلىرى

بىر زامانلاردا كۈچلۈك مائارىپ ۋە مەدەنىيىتى بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئىسلام ئالەمى تۇرۇپلا قانىتى سۇنغان قۇشتەك لاپىلا قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئەمدىلىكتە ئۇچۇشقا تەمشەلدى ـ يۇ، ئۇچالمايدۇ.

بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرى، كۆرەلمەسلىك ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت سەۋەب بولدى. باشلاندى سۈركىلىش. ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشلىرىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى.

2005.6

ياۋروپا ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن باشلاپ بۇ سۇركىلىش تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بۇمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق تەبىئىي زامان تەقەززاسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشتۇر.

بۇگۈنكى كۈندە ئىسلام ئالىمى ياۋروپاغا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك دەرىجىدە كەينىدە قالغان بولسا، ئالتەشەھەر ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە كەينىدە قالغان. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مىسكىن بىچارىلىرىدۇر. بۇلار شۇ دەرىجىدە ئېزىلگەنكى، پۇت - قوللىرى جاھالەت زەنجىرى بىلەن باغلانغان، قىمىرلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغان. سىياسەت ۋە ئىقتىساد مەيدانىدا پۈتۈنلەي ئەسىر ۋە تۇتۇنغە ئايلانغان. يۈرەكلىرى، قانلىرى، ئىلىكلىرى ۋە سۆڭەكلىرىگە قەدەر خۇراپات بىلەن زەھەرلەنگەن.

يۇرۇش - تۇرۇشلىرىدا يېڭىلىققا ئىنتىلىشتىن ھېچقانداق ئەسەر يوق، قىمىرلاشلىرىمۇ جاراھەتلەنگەن قۇرتنىڭ مىدىرلىشىغا ئوخشايدۇ.

پاكىزلىق ۋە سالامەتلىككە قەتئىي رىئايە قىلمايدۇ. تۇرغان ئۆيلىرى قەبرىدەك تار ۋە قاراڭغۇ، كىيگەن كىيىملىرىمۇ كىر ۋە پاسكىنا. ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈكتەك جانسىز ۋە روھسىز، توپا، چاڭ - توزان ئىچىدە ھايۋاندەك ئېغناپ يۈرىدۇ. كىر يۇيۇش، مۇنچىغا چۈشۈشتەك ئىشلارنى بىلمەيدۇ. ۋۇجۇدلىرىنى غايىللىق باسقان. ئىشلىمەيدۇ، شۇ سەۋەبلىك خار ۋە زەبۇن بولۇپ يۈرىدۇ. ئار - نومۇسلىرىنى يوقاتقان. ئىشلەشكە ئېرىنىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ نەزەرىدە نامراتلىق، تىلەمچىلىك قىلىش ئەيىب ئەمەسمىش، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ ئىشنى قىلىش ئەيىب سانىلارمىش. بۇلار باشقىلارنىڭ ئىشنى قىلغان كىشىنى «غالچا» دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ.

ئۆتكەن يىلى ياركەنتتىن كەتكەن بىر ئامبال خوتەنگە بېرىپ بەش - ئالتە سەردىن 40 قىز بالا ئالغان. مەزكۇر باللارنى ئاپىرىپ ئەمەلدارلارغا سوۋغات قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن.

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇنداق ئىشلار ئەيىب ئەمەس.

ئالتىشەھەرنىڭ موللىلىرى «بۇ دۇنيادا پېقىر ۋە موھتاج بولغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ياخشى ئۆيلەردە گۈزەل قىزلارنى قۇچۇپ كەيپ - ساپا سۈرىدۇ» دەپ تەرغىپ قىلىپ، ئۇ بىچارىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ كېرەكتىن چىقىرىدۇ. قىسقىسى، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يىلتىزىنى كېسىدۇ. خەلقنى ھۇرۇنلۇققا ئۈگىتىدۇ. ھۈنەر - كەسىپ، ئىش - ئوقەتتىن توختايدۇ. ئاقىۋەتتە، بوغۇلىدۇ، يېرىدىن، مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قەلەندەرچىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئۆزىدە كۈچ - قۇۋۋەت قالمىغاندىن كېيىن ئالدىراش مازارلارغا بېرىپ ئۆلۈكلەردىن ياردەم سوراشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىلىسى ئۈزۈلىدۇ - دە، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدۇ...

تەڭرى مۇسۇلمانلارنى ئىززەتلەپ بەك باي يەرلەرنى ئىنئام قىلغان. يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئاتا قىلغان. كۆرۈشكە كۆز، تۇتۇشقا قول، مېڭىشقا پۇت بەرگەن... ئىشلەشكە كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەن. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆز كىتابىنى چۈشۈرۈپ «ئىشلەڭلار، تىنماي ھەرىكەت قىلىڭلار...» دەپ يارلىق قىلغان. مۇسۇلمانلار تەڭرى ئاتا قىلغان شۇنچىۋالا قىممەتلىك بايلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن بولسىدى، دۇنيادا ئۇلاردىن باي، ئۇلاردىن بەخت - سائادەتلىك مىللەت بولمىغان بولاتتى.

ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار بۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدى. نېمەتلەرگە كۇپۇرلۇق قىلدى. يەرلىرىنى، ئەقىللىرىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى سۈيئىستېمال قىلدى. يەر - زېمىنغا شۇنچە باي تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمەسلىكىنىڭ ئۆزى ئەقىل - ئىدراك ۋە غەيرەت - شىجائەتنىڭ يوقلۇقىدىندۇر. ئەقىلنىڭ يوقلۇقى بولسا تەربىيىسىزلىكتىن كەلگەن ۋابادۇر.

ئۆسۈملۈك ۋە جانىدارلاردىن تارتىپ ھەر نەرسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كامالەتكە يېتىشى تەربىيىگە موھتاج بولغاندەك ئەقىل ۋە پىكىرنىڭ ئۆسۈشىمۇ تەربىيىگە موھتاجدۇر.

زىرائەت، بېدە، گۈل - گىياھلارنى تېرىغان ۋە تىككەن كۈندىن باشلاپ پەرۋىش قىلىش لازىم بولغىنىدەك، ئادەم بالىسىمۇ تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ تەربىيىلەشكە موھتاجدۇر. بالىنى يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش، يۇيۇندۇرۇش، كىيىندۈرۈش، تەۋرىتىش، ماڭغۇزۇشتا مەخسۇس قائىدىلەر بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بالىنىڭ تېنى ساق - سالامەت بولىدۇ. تېنى ساق بالىنىڭ ئەقلىمۇ ساق ھەم كۈچلۈك بولىدۇ. مانا شۇنىڭدىن

MIRAS

www.uyghurkitap.com



كېيىن بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۈستۈرىدىغان قائىدىلەرگە ناھايىتى قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك.

تەن ۋە ئەقىل تەربىيىسىنى ئۆز يولىدا ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئانا بولغۇچى قىز بالىلارغا «بالا تەربىيىسى» ئىلمىنى ئۆگىتىش كېرەك.

بالا تەربىيىلەشنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى بۇ ساياھەت خاتىرىلىرى ئىچىدە يېزىپ كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىش مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ئەمەس. ئۇ ئۆز ئالدىغا چوڭ ۋە جىددىي بىر ئىلىمدۇر. بۇ ھەقتە بۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلار بار. بالىسىنى ياخشى تەربىيىلەپ ئادەم قىلغۇسى كەلگەن كىشى شۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسۇن.

مەن ئۆز نامىمدىن پەقەت شۇنىلا دېيەلەيمەن: بالىنى تىلى چىقىشقا باشلىغان چاغدىلا چىرايلىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەشكە ئۆگىتىش كېرەك. ئاندىن چىرايلىق گۈل ـ چېچەكلەر، يايلاقلار، دەل ـ دەرەخلەر، زىرائەتلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق مەدەنلەر ھەمدە قىممەتلىك تاشلار، ئېقىن سۇلار، ئېگىز تاغ، ئويمانلىق، ھايۋانات ۋە ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، شۇ نەرسىلەر ھەققىدە بالىنىڭ ئەقلىگە قاراپ ئىلمىي سۆزلەرنى قىلىپ بالىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇرۇش كېرەك.

ئاندىن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن نەپىس كىتابلار ۋە چىرايلىق سۆزلەر يېزىلغان كىتابلارنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئوقۇغان كىشى بىلەن ئوقۇمىغان كىشىنىڭ پەرقىنى ئىلمىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ بالىنىڭ كۆڭلىگە ئوقۇشقا، ئىلىم ـ پەنگە مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىش كېرەك.

تىلى بەك ياخشى چىقىپ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغىنىنى ياخشى چۈشىنىپ نەقىل كەلتۈرەلىگۈدەك ھالغا يەتكەندىن كېيىنلا مۇنتىزىم مەكتەپكە بېرىش كېرەك. مەكتەپتە بالىنىڭ تېنى، پىكرى ۋە ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئۇيغۇنلاشقان بولۇشى، بالىغا دۇنيادا بەختلىك ياشاش يوللىرىنى، يەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى بىلدۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە مۇنتىزىم بولۇشى كېرەك.

بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن شۇنداق ئاڭ ۋە چۈشەنچىلەرنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ھاياتلىق ئۈچۈن كېرەكلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنەلەيدۇ.

مانا مۇشۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ ئەقلى ئۆسىدۇ، پىكرى ئېچىلىدۇ. يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن پايدىلىنالايدىغان چىن ئالىم، ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. مانا شۇ چاغدا سىزنىڭ يېرىڭىزدە ئەخمەق، دىۋانە، قەلەندەر، گاداي دېگەندەكلەر دورىلىقىمۇ تېپىلمايدۇ.

ھازىرقى كۈندە ئالتىشەھەر خەلقىنىڭ ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇدى، ئوقۇغۇچى ئاز بولغاچقا نۇرغۇن مەدرىسلەر ئۆي ۋە سارايلارغا ئايلاندۇرۇلغان. ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇشنىڭ سەۋەبى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنىڭ تەرتىپسىزلىكى، شۇ سەۋەبلىك ئوقۇپ چىققانلارنىڭ ئىشقا يارىماس بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

بۇ ئىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، ئىنسان بىرەر ئىشنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى كۆرمەي ۋە ئۇنىڭ تەمىنى تولۇق تېتىماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەرگىز كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنى زامانغا لايىق قىلىپ ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان ئىلىم ـ مەرىپەت زامانىدۇر. بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىمۇ شۇدۇر. بېشىدا ئەقلى، قولىدا ئىلىم، ھۈنىرى بار بولسا مۇسۇلمانلارمۇ باشقىلاردەك راھەت ـ پاراغەتتە بەختلىك ياشىغان بولاتتى. شۇنداق باي يەرگە خوجا بولۇپ تۇرۇپ ئالتىشەھەرلىكلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ گادايلىقىنى خۇدادىن، تەقدىر ـ قىسمەتتىن كۆرىدۇ. بۇ پەقەت ئەقىلغا سىغمايدىغان، قاملاشمىغان ئىش.

نامراتلىق، موھتاجلىق، بۇزۇقلۇق، ساپاسىزلىق، خار ـ زەبۇنلۇق، بىچارىلىك، دەرۋىشلىك، مىسكىنلىك، قەلەندەرلىك، دىۋانىلىق دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلىقنىڭ، ئىسلامنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بۇ ئىشلار ئىسلام نەزەرىدە بەك قەبىھ، ناچار ئىللەت دەپ قارىلىدۇ. مۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش كېرەك. بۇنىڭ تومۇرى ـــ ھۇرۇنلۇق، تەييارتاپلىق، ئاڭسىزلىق، ئەقىلسىزلىك، جاھالەت ۋە نادانلىقتۇر. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك ياخشىلىق، يامانلىقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يىلتىزى بولىدۇ. دەل ـ دەرەخنىڭمۇ

هارام شېخى پۇتىلىپ، يىلتىزىغا ئوغۇت بېرىلىپ پەرۋىش قىلىنىدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بايلىق ۋە نامراتلىقنىڭمۇ يىلتىزىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بايلىقنىڭ يىلتىزى بولسا ئىلىم ـ مەرىپەتتۇر. سانائەت، تىجارەت ۋە تېرىقچىلىق ئىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش كېرەك.

ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيلىك، تەرەققىيات ۋە زىددىيەت، ھۆكۈمرانلىق ۋە مەھكۇملۇق، ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئىلىم ـ پەنگە باغلىقتۇر. (ياركەنت)

(2) ئالتىشەھەر مەكتۇپلىرى

بۇلتۇرقى روزا ھېيتنى تەڭرىتاغنىڭ ئارقىدىكى شىخو بىلەن ماناس ئارىلىقىدىكى بىر قىشلاقتا ئۆتكۈزگەنىدىم. قىشلاقنىڭ ئىمامى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلغان، ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلىرى بىلەن كۆڭلىمىزنى خۇش قىلغانىدى. قۇربان ھېيت كۇچاردا بولۇپ بۇ ھېيتمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، ھېيت شادلىقىدىن قۇرۇق قالمىغانىدىم. بۇ يىلقى روزا ھېيتنى تەڭرىتاغنىڭ بۇ يېقىدىكى قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى.

ھېيتنىڭ 3 ـ كۈنى 1 ـ ئاۋغۇست كەچ بىلەن مەپە ياللاپ يولغا چىقتىم. كېچىچە مېڭىپ تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈن چىقار ـ چىقماس مەپىمىز خان ئېرىق دەرياسىغا كېلىپ توختىدى. سۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ھارۋىلار بار ئىدى. دەرياغا كىرىشتىن قورقۇپ تۇراتتى. دەريا بەك چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن دەريا سۈيى بەك تېز ئاقاتتى ھەم چوڭقۇر ئىدى. بۇ يەر چوڭ كارۋان يولى بولسىمۇ، لېكىن كۆۋرۈك سېلىنمىغانىدى.

مەپىچى «بىسمىللا» دەپ سۇغا كىرىۋىدى، ئات بىلەن ھارۋىمىز تۆۋەنگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئاتنىڭ ئايىغى لايغا پېتىپ سۇغا يىقىلدى. مەپىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىشكە باشلىدى. بەختكە يارىشا ئادەملەر كۆپ بولغاچقا قۇتقۇزۇۋالدى. خەلق بۇ يەردىن يۈك ئارتىلغان ئېشەكلەر بىلەن ئۆتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھۆكۈمەت بۇ يەرگە كۆۋرۈك سالمىغانىدى.

ياپچان دېگەن يېزىغا كېلىپ بىر سارايغا چۈشتۈم. كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇشقا يېيىپ قويۇپ، چۆگۈندە چاي قاينىتىپ ئىچتۇق.

سارايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر موماي تاياق بىلەن باشاق يانچىۋاتاتتى. بۇ ئىش دىققىتىمنى تارتتىدە، يېنىغا بېرىپ:

ــ نېمە قىلىۋاتىسىز موما؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ھەي بالام، سورىما مېنىڭ ھالىمنى، ئېرىم ئۆلگىلى ئىككى يىل بولدى. يىگىرمە ياشلىق بىر ئوغلۇم بار. دادىسىدىن مىڭ سوملاپ پۇل قالغانىدى. قىمار ئويناپ ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەرز ئېلىپ ئويىنىدى، قەرزلەرنى تۆلىيەلمىگەچكە قەرز ئىگىلىرى بەك قاتتىق قىينىدى، داۋالىنىغان بولسىمۇ ھازىر ئىشقا يارىماس بولۇپ قالدى. ئەمدى شۇ ئوغلۇمنىمۇ ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن، ــ دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ تاشلىدى.

كىتابتا «ياڭگىسار» دەپ يېزىلسىمۇ ئاۋام تىلىدا يېڭىسار دېيىلىدىغان يەرگە كەلدۇق. بىر سارايغا چۈشتۈم. ساراي ئىچى ئۆرىدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەل، قىيا ـ چىيالار ھۆكۈم سۈرەتتى. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەبرىگە ئوخشاش بىر ھۇجرىغا كىرىپ شامنى ياقتىم. ئىشىك ئالدىدا ئاتلار تۇراتتى. بۇ يامان ھالەتكە چىدىغۇدەك ھالىم يوق، چۈنكى قارنىم بەك ئاچقانىدى. يەي دەپ بەش ـ ئالتە تۇخۇم ئالسام بەختسىزگە ۋاقىتسىز، دېگەندەك ھەممىسى پالاق چىقتى.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىنى تاماشا قىلىشقا چىقتىم. دىققىتىمنى ھەممىدىن بەكرەك تارتقان نەرسە كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتارىغا تىزىلىپ كەتكەن گۆرۈكەشلەرگە گۆرۈخانىلاردا سېتىقچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان چىرايلىق، كېلىشكەن مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلىرى بولدى. ئۇلار گۆرۈكەشلەرگە خوتۇن بولغانلار بولسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى. بۇنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يېرى شۇكى، بۇ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ باشقىلاردىن چىرايلىق ھەم چېۋەر بولۇشى ئىدى. گۆرۈكەشلەر گويا سۈت ئۈستىدىكى قايماقنى سۈزۈۋالغاندەك شەھەردىكى قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىق، ئىشچانلىرىنى تاللىۋالغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە يارامسىز، ئاقساق ـ چولاقلىرىلا قالغان ئىكەن.

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇ يەردە 40 ـ 50 ئۆيلۈك روسىيىلىك مۇسۇلمان بار ئىكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تىجارەت، بىر قىسمى دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. مالنى قەشقەردىن ئېلىپ كېلىپ ساتىدىكەن.

شەھەر ئىچىدىكى يەرلىك خەلق ئىككى مىڭ ئۆيلۈك

uyghurkitap.com



كالا، خوتۇن ـ باللىرى بىلەن بىللە مەدرىسىدە تۇرىدىكەن. مەدرىسىنىڭ بەزى ئۆيلىرى ئۆتۈكچى، موزدۇزلارغا، تۇل خوتۇنلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن ئىكەن. بەزىلىرىدە ئوقۇغۇچىلار تۇرىدىكەن.

ئىلگىرى بۇ مەدرىسىلەرنىڭ ۋەقپە يەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان ئىكەن. ھازىر بۇ ۋەقپەلەر مۇلۇككە سۇندۇرۇلۇپ سېتىۋېتىلگەن. كۆپىنچە ۋەقپەلەرنى مۇدەررىسلەر شەرىئەت ھىيلىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۆز باللىرىغا تەۋە قىلىۋالغان. مەسىلەن: بىر مۇدەررىس مەدرىسىنىڭ ۋەقپىنى بىساتى مۇلۇك، تېگى ۋەقپە دەپ ئىككىنچى بىرىگە ساتىدىكەن. ئۇ كىشى ئازراق پايدا ئېلىپ يەنە ئۇنى مۇدەررىسنىڭ ئوغلى ياكى خوتۇنىغا سېتىپ بېرىدىكەن.

ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كەلسەك، بۇ يەردە «ئەنقا»غا ئوخشاش ئوقۇشنىڭ ئىسمىلا بار. ئوقۇغۇچى شاگىرتلار ھەققىدە سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق. باشلىرىغا قازاندەك سەللە يۆگىگەن مۇدەررىس، قازىلارمۇ قارا قورساق، نادان. بۇلارنىڭ بىلىملىرىگە قارىغاندا تاتارلارنىڭ ئون ياشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىنىڭ بىلىمىمۇ سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرىدۇر.

ياركەنت ئەتراپىدا قەلەم تۇتۇپ يېزىقچىلىق قىلىشنى بىلىدىغان ئادەملەر يوق دېسەم خاتا بولماس. شەھەردە بىرەرمۇ مۇنتىزىم مەكتەپ، يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن بىرەر مۇئەللىم، گېزىت ئوقۇيدىغان، كۆزى ئوچۇق، زاماننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بىرەرمۇ ئادەم يوق. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى زاماندا ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

بۇلتۇر روسىيە ئاقساقىلى بىلەن ئىنگلىز ئاقساقىلى غەيرەت قىلىپ قەشقەردىن بىر ئوقۇتقۇچى ئالدۇرۇپ كەلگەنىكەن. ھازىر بۇ ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن قول ئۈزۈپ مۇدەررىس بولۇشقا تىرىشىپ خەنزۇ ئامباللارغا ئەرز سۇنۇپ يۈرەرمىش.

ياركەنتنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل بولۇپ، سۈيى كۆپ، يېرى مۇنبەت ۋە مەھسۇلدار. بۇ شەھەر مۇنبەت يېرىنىڭ كۆپلۈكى، سۈيىنىڭ مولۇقى بىلەن ئالتەشەھەردە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ يەردە بۇغداي، ئارپا، قوناق، زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەر، پاختا ۋە يىپەك دېگەندەك ئالاھىدە پۇللۇق نەرسىلەر، تۈرلۈك تاتلىق يەل ـ يېمىش، مېۋە ـ چېۋىلەر چىقىدۇ.

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر پۇت ئۇرۇقتىن ئون پۇت ھوسۇل چىقىدۇ. ياركەنتنىڭ ئاشلىقى ئۆزىدىن ئېشىپ قەشقەرگىمۇ توشۇلىدۇ. بۇ يەردە يەر كۆپ ھەم بەك ئەرزان بولسىمۇ لېكىن ئاشلىقنى ئاز تېرىيدۇ. خەلقى ھۇرۇن، ئىشلىمەيدۇ، شۇڭا تېرىقچىلىققا ياراملىق يەرلەر بوش بىكار ياتىدۇ، يەرلىك خەلق شۇ ھۇرۇنلۇق سەۋەبىدىن موھتاجلىقتا قېلىپ، قىز باللىرىنى سىرتتىن كەلگەنلەرگە بېرىدۇ.

بۇ يەردىكى سودا ـ سېتىق پۈتۈنلەي روسىيە ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرىنىڭ قولىدا. روسىيە پۇقرالىرى قەشقەردىن قىزىل مال، چاي، شېكەر، قەلەي، تۆمۈر، تاش ئاياغ، شام، كىرسىن ۋە باشقا تۈرلۈك مىلچ ماللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى روسىيىدىن كەلتۈرۈلىدۇ، پەرغانە تەرەپتىن ئەتلەس، بەقەسەم، ھەسەل، دوپپا، تاماكا دېگەندەك نەرسىلەر كەلتۈرۈلىدۇ.

ھىندىستاندىن كىمخاپ، خەسە، مەخمەل، داكا، گەزمال، سەللىلىك، ياغلىق، قاما، كۆن ـ خۇرۇم، تۈرلۈك چايلار، تەمرە ھىندى، زەرچۆۋە، دارچىن، زەپەر قاتارلىق تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر كەلتۈرۈلىدۇ.

ئالتەشەھەردە روسىيە ماللىرىنى تارقىتىشتا قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرى قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرسا، ھىندىستان ماللىرىنى تارقىتىشتا ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ياركەنتتىن روسىيىگە كىگىز، گىلەم، پاختا، ماتا، يىپەك، تېرە، يۇڭ ھەم ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلار چىقىرىلىدۇ.

نوپۇسى 60 ـ 70 مىڭ دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ساناق ئېلىنمايدۇ. دارامەت، كىرىم ـ چىقىم دەپتەرلىرىمۇ تۇتۇلمايدۇ. ھۆكۈمەت مۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. خەنزۇلارمۇ بىز مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بەك ساددا ۋە بىپەرۋا. ساناش، ئۆلچەش دېگەن گەپلەر يوق. ھەممە ئىشنى مۆلچەر بىلەن قارىسىغا قىلىدۇ. پەرەڭ سەيياھلىرى دېگەندەكلەر كېلىپ ئۆلچىمىسە بۇلار بىر ـ بىرلىرىنىڭ ھېسابىنى بىلىشمەيدۇ.

تەخمىنەن يۈز ئۆيلۈك كىشى روسىيە پۇقرالىرى يەنى پەرغانىلىقلاردۇر. 200 ئۆيلۈكتەك كىشى ئەنگلىيە پۇقراسى يەنى ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ

يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇسۇلمانلار بولۇپ قالغانلىرى ھىندىلاردۇر. ھىندىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك خەلققە ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىپ جازانىخورلۇق قىلىپ پۇل تاپىدۇ.

ياركەنتنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئەتراپى ياپيېشىل ئورمانلىقتىن ئىبارەت. يېرى تۈز، ئەتراپىدا تاغ يوق. شۇڭا ھاۋاسى كېچە ـ كۈندۈز بىر خىل تۇرىدۇ.

تەخمىنەن 677 كۋادرات چاقىرىم يەر ئېتىزلىق ۋە سۇنئىي ئورمانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېسىل بوستانلىق ئىچىدە 15 يۇرت، 200 مىڭلاپ خەلق بار. يېقىنقى مەزگىللەردىكى غەيرىي رەسمىي بىر ساناققا قارىغاندا بۇ يۇرتلاردا 108 مىڭ 829 ئائىلە كىشى، 101 مىڭ 509 ئەر كىشى بارلىقى مەلۇم بولغان.

شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار كەنتلەرگە بۆلۈنىدۇ. كەنت باشلىقلىرى مۇسۇلمانلاردىن بولىدۇ. كەنت باشلىقلىرى بەگ دېيىلىدۇ، ھەر بىر يۇرتتا بىر بەگ، بىر قازى، بىر مۇپتى، سەككىز يۈز بېشى، ئون ئونبېشى بولىدۇ.

دىن ۋە شەرىئەت ئىشلىرىنى قازىلار باشقۇرىدۇ، شەرىئەتكە ياتمايدىغان دەۋالار بەگلەرگە بارىدۇ، بەگلەر بۇنى ئامباللارغا يوللايدۇ.

مەنسەپدارلار شەھەردە تۇرىدۇ، لېكىن مۇسۇلمان ئەمەلدارلار ئۆز خەلقىگە جەبىر ـ زۇلۇم سېلىشتىن ھەرگىز قولىنى تارتمايدۇ. (ياركەنت)

## دىنىي ۋە ئېتىقادى بىر مەسىلە

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدا دىنىي ۋە ئېتىقادى مەسىلىلەر «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىس شەرىپ بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرى خۇراپات ئارىلاشقان تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق كىتابلارنىڭ نۇرغۇن جايلىرى «قۇرئان» ئايەتلىرى ۋە ھەدىس مەزمۇنلىرىغا پۈتۈنلەي زىت. لېكىن بۇ مۆمىنلەر ئۇنى ئۇقمايدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى «قۇرئان» ئوقۇماسلىقتۇر. «قۇرئان» ئوقۇماسلىقنىڭ سەۋەبى بولسا «بۇ زاماندا ‹قۇرئان›نىڭ مەنىسىنى بىلگۈچى ۋە ئۇنىڭدىن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ يەتكۈچى كىشى يوق» دېگەن قۇرۇق پەتىۋادىن ئىبارەت.

مېنىڭچە «قۇرئان كەرىم» ئىسلام قانۇنلىرىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتاب بولۇپ ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈندۇر، مۇئەييەندۇر، پاساھەتلىك ۋە كەم ـ كۈتىسىزدۇر.

يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىڭ ھەم ئۇنى باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىڭ» دېگىنى ئاشۇ زامانغىلا خاس ئەمەس، بۇنىڭدىكى مەقسەت سۆزدە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ مەنىسىدۇر. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرپلىرىنىلا ئۆگىنىشتىن ھېچقانداق پايدا يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زامانلاردا «قۇرئان كەرىم» تېخى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلمىگەنىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە «بىرەر كىشى مېنىڭ نامىمدىن ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقسا، سىز ئۇنى «قۇرئان»غا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. «قۇرئان»غا توغرا كەلمىسە ئۇ مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس» دېگەن سۆزىمۇ كىشىلەرنى يەنە «قۇرئان» ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. چۈنكى «قۇرئان»نى بىلمەي تۇرۇپ باشقا سۆزلەرنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى «قۇرئان كەرىم» چاتاق، چۇۋالچاق، بىر ـ بىرىگە زىت سۆزلەردىن خالىيدۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرى، مەنالىرى، قانۇنلىرىمۇ ئوچۇق، ئاساندۇر. مەنىسىنى چۈشىنىش، قانۇنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا قۇلايلىق ۋە پايدىلىق، تەڭرى بەندىلەرنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمگە دەلىل قىلىپ «قۇرئان» ۋە ئىسلام روھىغا يات بولغان ئېتىقادلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇ يەردە يېزىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىچە ھەر شەھەردە بىر ۋەلى بولىدۇ. ئۇلار تەڭرى تەرىپىدىن كەلگەن بالا ـ قازالارنى ياندۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار بالاگەردەن (بالا ـ قازانى ياندۇرغۇچى) دېيىلىدۇ. ئەگەر خەلق ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئۇلار كارامەت كۆرسىتىپ بالا ياغدۇرىدۇ. ئۇلارغا ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئاسان ۋە ھەرقانداق مۇشكۇلچىلىكنى يەڭمەك ئوڭايدۇر. ئۇلار كۆكتە ئۇچىدۇ، سۇدا ئۈزىدۇ، ھەرقانداق غايىبنى ۋە كۆڭۈلدىكىنى بىلەلەيدۇ. ئالەمنىڭ سىر ـ تېپىشماقلىرىنى يېشەلەيدۇ. ئىشقىلىپ ئۇلاردىن قورقماق ۋە تىلەك تىلىمەك لازىمدۇر. ئۇلار تەڭرىنىڭ يەردىكى ۋەكىللىرى ۋە تەڭرى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەلىلەردۇر. تەڭرى بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىچىدۇر. ئۇلار ئۆلمەيدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ھاجەتنى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن سورىساڭ بېرىدۇ، يەنى قازىيەلھاجەتتۇر. ئېست! ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىغا...

(خوتەن)

«شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن

مۇھەررىر: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com






### تۇتى

گېلىن ئەپەندى توي قىلغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ناھايىتى چىرايلىق بىر تۇتىنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئۆيگە كېلىپ قارىسا تۇتى يوق تۇرغەدەك، شۇنىڭ بىلەن ئايالىدىن سوراپتۇ:

— مەن سېتىۋالغان تۇتى قېنى؟

— توي خاتىرىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تۇتىنى دۇملەپ شورپا قىلىپ قويدۇم.

— ئۇ گەپ قىلالايدىغان تۇتى ئەمەسمىدى!— دەپتۇ گېلىن ئەپەندى تېرىكىپ.

— بىراق مەن ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىتتا تۇتى ھېچنېمە دېمىدىغۇ؟

### كۆز دورىسى تېمىتىش

— دادا سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— كۆزۈمگە دورا تېمىتىۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا نېمىشقا كۆزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ، ئېغىزىڭىزنى ئېچىۋالدىڭىز؟

### ساداقەتمەنلىك

خوجايىن خىزمەتكارىنى بىرگە ئېلىپ مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. ساھىبخان ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ ياقىسىنى كۆرسەتىپ تۇرۇپ:

— خوجايىن بويىنىڭىزدا پىت تۇرىدۇ!— دەپتۇ يۇقىرى ئاۋازدا.

خوجايىن تېرىكىپ:

— دۆت بىرنېمىكەنسەن، بۇنداق گەپنى بوش ئاۋازدا دېمەمسەن!

شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— كەچۈرۈڭ، خاتا كۆرۈپ قاپتىمەن، ئۇ ئەسلىدە بىر پاختا ئىكەن.

### ئەپچىل جاۋاب

سەدىقە بەرگۈچى:

— مەن ساڭا بىر ئىشتاننى سەدىقە بېرەي دېگەنىدىم، بىراق ئۇ ئىشتاننىڭ بېلى ساڭا چوڭ كېلىپ قالغۇدەك.

تىلەمچى:

— ھېچقىسى يوق، ماڭا ئازراق يەيدىغان نەرسە بەرسىڭىز قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالسام ئىشتان دەل كېلىدۇ.

### تۆلەم بېرىش

چىش دوختۇرى بالىنىڭ بىر چىشىنى تارتىپ قويۇپ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئەللىك رۇبلى تەلەپ قىلىپتۇ. بالىنىڭ ئاپىسى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

ــ دوختۇر سىز بايا ئىش ھەققى ئۈچۈن ئون رۇبلى ئالمەن دېمىگەنمىدىڭىز!

ــ شۇنداق دېيىشىنغۇ دېگەن، بىراق بالىڭىز ۋارقىراپ - جارقىراپ ماڭا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن تۆت بىمارنى قاچۇرۇۋەتتى ئەمەسمۇ!

**قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم**

ئىنتايىن بېخىل بىر خوجايىن ئۆي خىزمەتچىسىنى ماگىزىنىدىن هاراق ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ - يۇ، ئۇنىڭغا پۇل بەرمەپتۇ. خىزمەتكار ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

ــ ئەپەندىم، پۇل بولمىسا هاراقنى نېمىگە سېتىۋالمەن؟

ــ پۇل بولسا ھەرقانداق بىر ئادەم ھاراق سېتىۋالالايدۇ، بىراق قولىدا پۇل يوق تۇرۇقلۇقمۇ ھاراق سېتىۋالالايدىغان ئادەمنى ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەيمىز.

بىردەمدىن كېيىن خىزمەتكار ئىچى قۇرۇق بىر بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ، بۇنى كۆرگەن خوجايىنىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ۋارقىراپتۇ:

ــ قۇرۇق بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپسەنغۇ، مەن نېمىنى ئىچىمەن ؟

خىزمەتچى ئالدىرىماي - تەمترىمەي جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ ئىچىدە ھاراق بار بوتۇلكىدىن ھەر قانداق بىر ئادەم ھاراق قۇيۇپ ئىچەلەيدۇ، بىراق قۇرۇق بوتۇلكىدىن ھاراق قۇيۇپ ئىچەلىگەن ئادەمنى ھەقىقەتەن قولدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەيمىز.

**ئىككى تەنھەرىكەتچى**

تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ ئىشىكى يېنىغا بىرسى كىيىمنى سېلىپ ئۈستىگە «بۇ كىيىمنىڭ ئىگىسى بوكسيۇرچى، ئۇ بۇ يەرگە ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان باغاقچىنى قىستۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ كىشى ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسە، كىيىمنىڭ ئورنىدا ئۈستىگە مۇنۇ خەتلەر يېزىلغان بىر پارچە باغاقچە تۇرۇپتۇ:

«بۇ كىيىمنى يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى ئېلىپ كەتتى».

**سوۋغات**

يېڭى يىل ھارپىسىدا بىرسى دوستىدىن كەلگەن بىر سوۋغاتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، سوۋغاتنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكى خەتلەر يېزىلغان باغاقچە قىستۇرۇلغانىكەن: «دوستۇم، بۇ گەرچە قىممەت باھالىق سوۋغات بولمىسىمۇ، بىراق سېنىڭ بىر يىل ئىشلىتىشىڭگە يېتىدۇ».

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ھاياجان ئىچىدە بولاقنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدىن ئاددىيلا بىر كالېندار چىقىپتۇ.

قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى

(ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىدىن)

**ئاجرىشىش سەۋەبى**

ئايالى: سوتچى، مەن دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىمەن.

سوتچى: قانداق ئاساسىڭىز بار؟

ئايالى: ئۇ ھەركۈنى ھاراق ئىچىدۇ، تېخىمۇ قاملاشمىغان يېرى، ئۇ ئۆيدىكى گاز تۈگمىنى سېتىۋېتىپتۇ.

سوتچى: (ئېرىگە قاراپ) سىزنىڭ دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

ئېرى: ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا، مەنغۇ دائىم ھاراق ئىچىمەن. بىراق، ئايالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئېرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلالىدىمۇ؟

سوتچى: كونكرېتراق دەپ بېرەلەمسىز؟

ئېرى: ئۇ مېنىڭ گاز تۈگمىنى سېتىۋەتكەنلىكىمنى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بىلدى.

**تاقەتسىزلىك**

ئېرى كېسەل بولۇپ ئۆيىدە ئۆلۈپ قاپتۇ. ئايالى ئېرىنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا قاتتىق يىغلاپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ قىش پەسلى بولۇپ، ئۆيدىكى ھاۋا تەڭشىگۈچمۇ سوغۇق ھاۋا چىقىرىۋاتقانىكەن. ئايالىنىڭ بىر دوستى كىرىپ نەسىھەت قىلىپ دەپتۇ:

ـ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، سىز چوڭ زەربىگە ئۇچرىدىڭىز، قاراڭ ھاۋا سوغۇق، ھاۋا تەڭشىگۈچمۇ ئوچۇق ئىكەن، مەن بېرىپ ئېتىۋېتەي، ـ دەپتۇ.

ــ ئەتمەڭ. ئېرىم ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ماڭا بۇنى ئالاھىدە تاپىلىغان .

ــ نېمىنى تاپىلىغان؟

ــ ئۇ جەستى مۇزلاشتىن ئىلگىرى مېنىڭ توي قىلىشىمغا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

www.uyghurkitap.com



**قائىدىگە خىلاپ ھەيدەش**

ساقچى: بۇ يولدىكى سۈرئەت چەكلىمىسى 40، سىز سۈرئەتتىن ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، ماشىنىڭىزنىڭ سۈرئىتى 60.

ئېرى: 60 ئەمەس 50.

ئايالى: مەنمۇ كۆردۈم، 80.

ئېرى ئايالىغا ئالىيىپ قويۇپتۇ.

ساقچى: تېخى بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلىماپسىز، پىراۋىڭىزنى بىر ئاي تۇتۇپ قالىمىز.

ئېرى: باغلىغانتىم سىز كەلگەندىلا يېشىۋەتكەن.

ئايالى: سىز قاچان بىخەتەرلىك تاسمىسى باغلىغان؟

ئېرى: سېسىق ئاغزىڭنى يۇم.

ساقچى: (ئايالىغا قاراپ) ئېرىڭىز سىزگە دائىم مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەمدۇ؟

ئايالى: ياق، ئۇ مەست بولۇپ قالغاندىلا مۇشۇنداق.

**ماھىر**

ـــ ئېرىم قىمار ئويناشقا ئۇستا.

ـــ مېنىڭ ئېرىممۇ شۇنداق.

ـــ ئۇ ئات بەيگىسى بىلىتىنى تۇنجى قېتىم ئېلىپلا ئۇتتۇۋالدى. مىڭ سوم تىكىپ 30 مىڭ سوم ئۇتتۇۋالدى.

ـــ مېنىڭ ئېرىم تېخىمۇ يامان، ئۇ تېخى ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پۇلىنى بىر قېتىم تاپشۇرۇپلا 30 مىليون يۈەن ئۇتتۇۋالدى.

توپلىغۇچى: قادىر ئۆمەر

(مارالبېشى ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)

**ۋېلىسىپىت دۇكىنىدا**

خېرىدار: خوجايىن، مەن سېتىۋالغان بۇ ۋېلىسىپىتنىڭ نېمىشقا چىرىغى يوق؟ ئېلاندا بار دېيىلگەنىدىغۇ؟

خوجايىن: قۇرۇق گەپ. ئېلاندا ۋېلىسىپىتنىڭ ئۈستىدە بىر سەتەڭمۇ بار ئىدى تېخى!

**ئانا ۋە بانكا**

ـــ ئاپا، ئاپا، ماڭا پۇل بەرگىنە!

ـــ نېمانداق پۇل سوراۋېرىسەن، مېنى بانكىدا ئىشلەيدۇ دەپ قالغانمىدىڭ؟

بالا يۈگۈرگىنىچە بانكىغا بېرىپ، كومپيۇتېر ئالدىدا پۇل ساناپ ئولتۇرغان خىزمەتچى قىزدىن پۇل سورىدى. قىزنىڭ ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

ـــ ساراڭ بولدۇڭمۇ، مېنى ئاپاممىكىن دەپ قالغانمىدىڭ؟

**توي قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق**

تام لاۋرىنىڭ كۈن بويى روھسىز يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـــ دوستۇم، نېمە بولدۇڭ؟

ـــ ھەي.. يەنىلا شۇ توي قىلىشنىڭ باش قېتىنچىلىقى بولمامدۇ؟ سەن دېگىنە، ئوغۇل بالا زادى قايسى ۋاقىتتا توي قىلسا ئەڭ مۇۋاپىق؟

ـــ قارا ئەخمەقلىقىڭنى! ئەمما سەن ئەڭ يېقىن دوستۇم بولۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا، مەن ساڭا راست گېپىمنى قىلاي. ئاڭلا، ئەگەر ياش بولساڭ، توي قىلىشقا ئالدىرىما. ناۋادا يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا توي قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**ئۇقۇشماسلىق**

بىر ئەر ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر ساھىبجامال ئالىي دەرىجىلىك بىر رېستورانغا كىرىپ بىللە تاماق يەپتۇ. ئەمما توساتتىن خىزمەتچى خادىم ھېلىقى ئەرنىڭ ئەپچىللىك بىلەن تاماق شىرەسىنىڭ ئاستىغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىدىن ئايالدىن سوراپتۇ:

ـــ خانىم يولدىشىڭىز شىرە ئاستىدىن نېمە ئىزدەۋاتىدۇ؟ مېنىڭ ياردىمىم لازىممۇ؟

ـــ ياق، رەھمەت، بۇ مېنىڭ يولدىشىم ئەمەس. ئەنە ئاۋۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقىنى دەل مېنىڭ يولدىشىم.

**باغاقچە**

بىر سىياسىئون رىقابەتلىشىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش يىغىلىشىدا ئۈستىگە «دۆت چوشقا» دېگەن خەت يېزىلغان بىر دانە باغاقچىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ھۆرمەتلىك يىغىن ئەھلى، مەن ئىلگىرى دائىم دېگۈدەك مەزمۇنى بار، بىراق، ئىمزاسى يوق باغاقچىلارنى تاپشۇرۇپ ئالاتتىم، مانا بۈگۈن مەزمۇنى يوق، پەقەت ئىمزاسى بار باغاقچىدىن بىرنى تاپشۇرۇۋالدىم.

توپلىغۇچى: ئارزۇگۈل تۇرسۇن (خېجىڭ ناھىيە ئالى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# چۆچەك ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى

مەمتىمىن ئابدۇخالىق
گۈلمېھرى سەلىم

ئىنسانىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشى، ئائىلە، جامائەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ـ ئاخىر دېگۈدەك ئەنە شۇ ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭلاشقا نىكاھ توي (ئۆيلىنىش) ئائىلە جامائەتچىلىكنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

توي—ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋال، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللىي ئېڭى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەڭ تىپىك، ئەڭ قىزىقارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەتتۇر. ئۇ بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ھەرقايسى تارىخ دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دىنىي قاراشلىرى توي ئادەتلىرىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

بىز ئۇيغۇرلاردا «نىكاھ توي»، «سۈننەت توي»، «بۆشۈك توي» دېگەندەك تويلار بار. بۇ تويلارنىڭ تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. بۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرلۈك دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىز ـ يىگىت تويى خۇددى بىر دىرامىغا ئوخشايدۇ. دىراما بولغاندىمۇ ناخشا، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا بىلەن ئورۇنلانغان تەنتەنىلىك، كۆپ ئادەمدىن تەشكىل تاپقان بىرقانچە كۈن ئوينىلىدىغان چوڭ دىرامىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىز ـ يىگىت تويى بىر يۈرۈش قېلىپلاشقان ۋە سىستېملاشقان رەسىم ـ قائىدىلەر بىلەن ئۆتىدۇ.

چۆچەك شەھىرى ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ئورتاق ياشاپ كەلگەن رايون بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ جىددىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چۆچەك شەھىرىدىكى قىز ـ يىگىتلەر تويىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر (قىسمەن) بولماقتا. شۇڭا بىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيانقى قىز ـ يىگىت تويىنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق كۆردۇق.

چۆچەك ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تويى كۆپىنچە ئىختىيارىي توي بولۇپ، يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئەركىن توي شەكلى، ئۇ

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش، ھېسسىيات ۋە باشقا تەرەپلەردىكى باراۋەرلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ، ھېچقانداق تاشقى كۈچ ئارىلاشمايدۇ.

چۆچەك ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى قىز ـ يىگىتلەر تويى ئومۇمەن تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**1. ئەلچى كىرگۈزۈش**

ئەلچى كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن يىگىت بىلەن قىز بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇپ بىر مۇددەت سىنىشىپ توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەندىن كېيىن ھەر ئىككىسى ئۆز ئائىلىسىگە لايىق تاپقانلىقىنى، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەر ئىككى ئۆيدىكى چوڭلار لايىقىنى ماقۇل كۆرۈشكەندىن كېيىن يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى كىرگۈزىدۇ.

يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، قولۇم ـ قوشنىلارنى ھەم يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئوغلىنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتىدۇ. بۇ كۈنى يەنە قىز تەرەپكە بارىدىغان ئەلچىلەر ھەم ئەلچىگە كىرىش كۈنى بېكىتىلىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە دەيدىغان گەپ ـ سۆزنى، تەلەپلىرىنى ئەلچىگە دەيدۇ. ئەلچى ئوتتۇرىدا خالىس تۇرۇپ ئۇزۇننى قىسقا، قىسقىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. ئادەتتە ئەلچىلىككە تۆت ئەر بارىدۇ. بىرى يىگىت تاغىسى، يەنە بىرى مەھەللە چوڭى، يەنە بىرسى مۆتىۋەر ئاقساقال (دىنىي زات)، يەنە بىرى قۇدا (ئەگەر قۇدىسى بولمىسا دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى)دىن ئىبارەت، ئەلچىلەر يىگىت تەرەپنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە قىز تەرەپكە ئەۋەتىلىدۇ. ئەلچىلەر ئىچىدە بىر باش ئەلچى بولۇپ، ئىككى تەرەپنى ئۆزئارا كېلىشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەلچىلەر بېكىتىلگەن كۈنى ئەتىگەن يىگىت تەرەپكە كېلىپ مېھمان بولىدۇ ھەم يىگىت تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى قىز تەرەپكە سىلىق ـ سىپايىلىق ۋە ھۆرمەت ـ ئېكرام بىلەن يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا «ئاش سۈيى» توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بارىدۇ. يەنى قىز تەرەپكە قانچىلىك «ئاش سۈيى» بېرىدىغانلىقىنى، قانچىلىك كىيىملىك رەخت ياكى پۇل بولىدىغانلىقىنى، تويغا قانچىلىك باغاق كېتىدىغانلىقىنى قىز تەرەپتىن جاۋاب ئالىدۇ ياكى يىگىت تەرەپ چۈشەنچە بېرىدۇ. كۆپىنچە قىز تەرەپ ئاۋۋال يىگىت تەرەپنىڭ چۈشەنچىسىنى ئاڭلايدۇ. ئەگەر يىگىت تەرەپ چۈشەنچىسى قىز تەرەپنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقسا، ئەلچىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ. ئويلىغان يەردىن چىقمىسا، قىز تەرەپ ئەلچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى قۇدا بولغۇچى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قايتا ئويلىنىشقا ھاۋالە قىلىدۇ.

ئادەتتە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تۆۋەندىكىدەك تويلۇق ئاش سۈيى بېرىدۇ.

(1) تىرىك مال بولۇپ، بىر كالا ياكى ئۈچ قوي بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا گۈرۈچ (50kg)، ماي (20kg) چاقماق قەنت (20 بولاق)، نان (100 دانە)، كەمپۈت (5kg)، تۇز (5kg)، پىياز (5kg)، سەۋزە (50kg) قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بۇنى چوڭلار «نايمان يولى» (قازاقچە) دەپ قويۇشىدۇ.

(2) تويلۇق كىيىملىك رەخت ياكى پۇل. 20 ـ 25 ئادەملىك كىيىملىك رەخت بېرىلىدۇ. كىيىملىك رەخت ئالمىسا ئورنىغا 3000 يۈەندىن 4000 يۈەن پۇل بېرىدۇ.

(3) ئانا سۈتى ھەققى، ئانا سۈت ھەققى پۇلغا سۇندۇرۇلغان بولۇپ، 300 يۈەندىن 500 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ پۇل ئانىغا مەنسۇپ بولۇپ، چوقۇم ئانىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىشى كېرەك.

(4) نىكاھ توي (قىز تەرەپتە) ئۆتكۈزۈلىدىغان جاينى (ھازىر ھەممىسى دېگۈدەك رېستوراندا ئۆتكۈزۈلىدۇ) يىگىت تەرەپ ئۆزى بەلگىلەپ ئىشلىتىش ھەققىنىمۇ ئۆزى تۆلەيدۇ.

يىگىت تەرەپ ئەلچى كىرگۈزۈش ۋاقتىنى قىز تەرەپكە ئىككى ـ ئۈچ كۈن بۇرۇنراق خەۋەر قىلىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، مەھەللە چوڭى، قولۇم ـ قوشنىلارغا خەۋەر قىلىپ تەييارلىق قىلىدۇ. قىز تەرەپ ئەلچىلەرنى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا مېھمان قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پىكىرلىرى بىر يەردىن چىققاندىن كېيىن، يىگىت ئانىسى ئوغۇلغا ئاتاپ، قىز ئانىسى قىزغا ئاتاپ يوتقان ـ كۆرپە تىكىدۇ (ئادەتتە سانى ئۈچ يوتقان، ئىككى كۆرپە، بىر جۈپ ياستۇق قىلىدۇ)، بۇ يوتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەشتە قىلىپ تىكىلگەن كىرلىك ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇ-

رۇق ـ تۇغقانلىرىنى رازى قىلىش بىلەن بىللە قىزنى يەنى كېلىننىمۇ تويلۇق كىيىم ـ كېچەك ۋە تويلۇق ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن رازى قىلىدۇ، تويلۇق كىيىم ئاساسەن باشتىن ـ ئاياغقىچە ئېلىنىدۇ (نىكاھ ياغلىق، پەلتو، كۈزلۈك ھەم يازلىق ئاياغ، ئۆتۈك، پوپايكا، ئىچ كىيىم، پايپاق، بىر قۇر كۈزلۈك ھەم يازلىق كۆڭلەك قاتارلىقلار). ئالتۇن جابدۇقلىرى بىر جۈپ ھالقا، زەنجىر، بىلەزۈك، بىر جۈپ ئۈزۈك قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزمۇ يىگىتكە ئاتاپ تويلۇق كىيىم ئالىدۇ (شىم ـ كاستۇم، ئاياغ، شەپكە، كۆڭلەك، پوپايكا، پايپاق، ئىچ كىيىم قاتارلىقلار)، يىگىت بۇ كىيىملەرنى توي كۈنى كىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىز ـ يىگىت ئۆزئارا كېلىشىپ تويلۇق ئۆي جابدۇقلىرىنى سېتىۋالىدۇ ھەم تويلۇق سوۋەتلەرگە چۈشىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن قىز ـ يىگىت دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنى بويىچە تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىپ، رەسمىيەت ئۆتەپ توي خېتى ئالىدۇ.

### يىگىت مەسلىھەتى

يىگىت مەسلىھەتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاساسەن ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولسىمۇ، چوڭ-كىچىك ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىگىت مەسلىھەتى ئۆزگىچە بولۇپ، كىچىك ۋە چوڭ مەسلىھەت دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. يىگىت قولداش، يىگىت بېشى بېكىتىلىدۇ. بۇلار باشتىن ـ ئاخىر تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ.

يىگىت بېشى—يىگىت بېشى نىكاھلانغان ياكى نىكاھلانمىغان بولسىمۇ بولىدۇ. يىگىت بېشى ئۆز ئىختىيارلىقى ياكى يىگىتنىڭ ئېيتىشى بىلەن بولىدۇ. يىگىت بېشىنىڭ رولى ئەڭ مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەڭ پۇختا، ئەڭ چاققان، باشقۇرۇش، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان ئوغۇل تاللىنىدۇ. چۈنكى توينىڭ چوڭ ئىشتىن باشلاپ كىچىك ئىشىغىچە يىگىت بېشىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. دوستلار شۇنداقلا يىگىت ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يىگىت بېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىردەك ھۆرمەت قىلىدۇ ھەم بويسۇنىدۇ.

يىگىت قولدىشى—يىگىت قولدىشى نىكاھلانمىغان بولۇشى شەرت. يىگىت قولدىشىنى ئۆزى تاللىسىمۇ ياكى قولداش بولغۇچى يىگىت ئۆزى «مەن بولىمەن» دەپ رازىلىق بىلەن تالىشىپ قولداش بولسىمۇ بولىدۇ. يىگىت قولداشنىڭ ۋەزىپىسى يىگىتكە ھەمراھ بولۇش، نىكاھ تويىدىن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە يەنى گۈگۈم بولغاندا، يىگىت قولدىشى يىگىتنى ئانىسىدىن «ئوغلۇڭلارنى بۈگۈن ئېلىپ كېتىپ، ئەتە ئىككى قىلىپ ئېلىپ كەلسەم، رۇخسەت قىلسىڭىز»دېگەندەك گەپلەر بىلەن يىگىتنى سوراپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ كۈنى يىگىت ئۆز ئۆيىدە قونمايدۇ. يىگىت ئۆيىدىن چىقىش ئالدىدا ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قىبلە تەرەپكە قاراپ قول كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىپ ئوغلىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ. يىگىتنى يىگىت قولدىشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن دوست ـ بۇرادەرلىرى كېلىدۇ. ئۇلار شۇ كۈنى يىگىتنى يىگىت قولدىشىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ قويىدۇ ھەم قولداشنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قايتىشىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت قولداش يىگىتنى ئېلىپ، قىز قولداشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قىزنى، قىز قولداشنى ئېلىپ نىكاھقا بارىدۇ. (يىگىتنىڭ دادىسى ۋە نىكاھقا قاتنىشىدىغان يۇرت چوڭلىرى قىز ـ يىگىتتىن سەل بۇرۇنراق قىز تەرەپكە بېرىپ بولىدۇ).

قىز تەرەپكە بېرىپ ئىشلەيدىغان يىگىتلەر. بۇنىڭغا تۆت يىگىت ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سايلىنىدۇ. بۇلار ئەتە نىكاھ توي دېگەن كۈنى قىز تەرەپكە بېرىپ، مال سويۇش، ئوتۇن يېرىش، سەۋزە قەلەمچىسىنى قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ياردەملىشىدۇ.

### قىز مەسلىھەتى

قىز توي قىلىشتىن بىر ھەپتە ياكى ئون كۈن بۇرۇن باغاق تارقىتىپ ساۋاقداشلىرىنى، دوستلىرىنى، خىزمەتداشلىرىنى (30 ـ 50 لەرچە ئادەم) مېھمانغا چاقىرىدۇ. بۇنى ئادەتتە قىز مەسلىھەت چېيى دەپ ئاتايمىز. قىزلارنىڭ كىچىك مەسلىھەتى بولمايدۇ (بولسىمۇ يېقىن ـ يېقىن بىر نەچچە دوستلىرىنى چاقىرىپ ئاددىي ئۆتكۈزىدۇ). قىز مەسلىھەت چېيىدا، قىز بېشى، قىز قولداش، ئۆي ياساش، ساھىبخان قاتارلىقلار سايلىنىدۇ. قىز مەسلىھەت چېيى كەچ سائەت 6 لەر ئەتراپىدا بولىدۇ. مېھمانلار كېلىپ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن قىز بېشى ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسلىھەتنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ چاغدا قىز سورۇندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىدۇ.

قىز بېشى—نىكاھلانغان ياكى نىكاھلانمىغان بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، قىز بېشى ئۆز ئىختىيارلىقى ياكى قىزنىڭ ئېيتىشى بىلەن قىز بېشى بولىدۇ، قىز بېشىلىقىغا ئەڭ پۇختا قىز تاللىنىپ، قىزغا ياردەملىشىش، قىز قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى قىلىش ۋە تويدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ.

قىز قولداش—قىز قولداش نىكاھلانمىغان بولۇشى شەرت. قىز قىز قولدىشىنى ئۆزى تاللىسىمۇ ياكى قولداش بولغۇچى قىز ئۆزى تاللىشىپ قولداش بولسىمۇ بولىدۇ، قىز قولداشنىڭ ۋەزىپىسى قىزغا ھەمراھ بولۇش، نىكاھ تويىدىن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە يەنى گۇگۇم بولغاندا، قىز قولداش قىزنى ئانىسىدىن سوراپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ كۈنى قىز ئۆيىدە قونمايدۇ. قىز ئۆيىدىن چىقىش ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىبلە تەرەپكە قاراپ قول كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىپ قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ. قىزنى قىز قولداشنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قىزلار كېلىدۇ. بۇ قىزلار قىزنى قىز قولداشنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ ھەم قىز قولداشنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قايتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەن يىگىت، يىگىت قولداش، قىز قولداشنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇلارنى ئېلىپ نىكاھقا بىللە بارىدۇ. بۇ چاغدا قىز قولدىشىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بەخت تىلەيدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى جاپالىق تۇرمۇشتا باشتىن - ئاخىر كېيىنكى ياشلار ئۈچۈن بىر ئۈلگىلىك ئائىلە بولۇشنى تىلەپ، ئۇلارنى نىكاھقا يولغا سالىدۇ.

ئۆي ياساش—ئۆي ياساشقا تۆت قىز ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بارىدۇ. يەنى نىكاھ تويىدىن بىر كۈن بۇرۇن بۇ تۆت قىز قىز تەرەپكە كېلىپ قىزنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ يىگىت تەرەپكە بارىدۇ. ئۇلار قىز تەرەپتىن ئەكەلگەن ۋە يىگىت تەييارلىغان نەرسىلەر بىلەن ئۆينى ياسايدۇ. قىزلار ئۆينى ياساپ بولغاندىن كېيىن يىگىت ئانىسى ئۆينى مۇبارەكلەپ نەرسە ئېلىپ كىرىدۇ. ئۆي ياسىغان قىزلارنى مېھمان قىلىپ، ھەر بىر قىزنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىك رەخت قويۇپ ئۇلارنى رازى قىلىدۇ.

ساھىبخانىلار، ساھىبخانىلار ئادەتتە كۈندۈزلۈك ۋە كەچلىك ساھىبخانىلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قىز ساھىبخان بولغۇچى قىزلارغا بىردىن پەرتۇق، گۈل، قولياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ. توي بولغان كۈنى ساھىبخانىلار ئالدىغا گۈل تاقاپ، پەرتۇق تارتىپ مېھمانلارنى كۈتىدۇ.

## 2. ساندۇق توي

چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ساندۇق تويى» باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈزىدىغان «چوڭ چاي»غا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

چۆچەك ئۇيغۇرلىرى نىكاھ تويىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن يىگىت تەرەپ ساندۇق تويى قىلىدۇ. توي چۈشتە بولۇپ، ئاياللار چاقىرىلىپ ئەرلەر چاقىرىلمايدۇ. بۇ كۈنى يىگىت ئاتا - ئانىسى يۇرتقا داستىخان سېلىپ يۇرتنى رازى قىلىدۇ ھەمدە قىز تەرەپكە ساندۇق ئاپىرىدىغان ئەرلەر (يۇقىرىدا بىز تويغا «ئەرلەر چاقىرىلمايدۇ» دېدۇق، بۇ يەردىكى ئەرلەر يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ)، ئاياللار، يىگىت دوستلىرى بەلگىلىنىدۇ. ساندۇق ئاپارغاندا ئالدى بىلەن ئەرلەر، ئاندىن ئاياللار قىز تەرەپكە بارىدۇ، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە بېرىدىغان ئاش سۈيى، قىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا يېقىن بىۋاسىتە تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئېلىنغان كىيىملىك رەختلەرنى تۇتۇلمىغان بىر يېڭى ساندۇققا سېلىپ ئېلىپ بارىدۇ. بۇ كۈنى قىز تەرەپ ئۆز چىقىمى بىلەن «ساندۇقنى قارشى ئالىمىز»دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىدۇ ھەم يىگىت تەرەپ مېھمانلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

يىگىت تەرەپ ساندۇق ئېلىپ كەلگەندە، ئالدى بىلەن تىرىك مال كىرىدۇ. تىرىك مالنىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلىنىپ يىگىتنىڭ ئىنىسى يېتىلەپ كىرىدۇ. ئاندىن كېيىن ساندۇق، ماي، گۈرۈچ قاتارلىقلار كىرىدۇ. قىز تەرەپ بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغاندا، تىرىك مال بىلەن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرگۈچىگە بىردىن كۆڭلەك قويىدۇ. قالغان ئەرلەرگە لۆڭگە سوۋغا قىلىدۇ (كېلىدىغان ئەرلەر سانى 30 ئەتراپىدا). ئەرلەر مېھمان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يىگىت تەرەپ ئاياللىرى كېلىدۇ، ئاياللارنىڭ كىرىشى بىلەن قىز تەرەپ ئاياللىرى پەتنۇسقا كەمپۈت سېلىپ چاچقۇ چېچىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەمدە يىگىت تەرەپ ئاياللىرىغا بىردىن قولياغلىق سوۋغا قىلىدۇ. ئاياللار مېھمان بولغاندىن كېيىن، ساندۇق ئېچىلىدۇ. ساندۇقنى ئاچقۇچى ئايالنى يىگىت تەرەپ ئۆزى

بەلگىلەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئاتاپ بىرەر ياغلىق ياكى كۆڭلەكلىك رەخت بېرىدۇ. ساندۇق ئاچقۇچى ئايال بىر نەكاھلانغان ئايال بولۇشى يەنى قىزىق، يۇمۇرىستىك خاراكتېرىگە ئىگە ئايال بولۇشى شەرت. ساندۇق ئىچىدىن ئالدى بىلەن داستىخان چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى قىز ـ يىگىتنىڭ داستىخىنى كەڭ بولسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۈچۈن سېلىنغان كىيىملىك رەخت ياكى پۇل، سۈت ھەققى قاتارلىقلار سورۇندا كۆپچىلىككە كۆرسىتىلىدۇ.

### 3. نىكاھ توي

نىكاھ تويى «ساندۇق توي»دىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ توي قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىز تەرەپ شۇ كۈنى يۇرتقا داستىخان سېلىپ، يىگىت تەرەپ بەرگەن «ئاش سۈيى»نى جامائەتچىلىككە ئېغىز تەگكۈزىدۇ. «ئاش سۈيى» يەتمەي قالسا شۇ كۈنى قالغىنىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ، توي چۈشتە ئۆتكۈزۈلۈپ ئەر ـ ئاياللار ئايرىپ چاقىرىلىدۇ. نىكاھ توي كۈنى يىگىت ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن بىۋاستە تۇغقانلىرىنى، مەھەللە چوڭى، قوشنىلارنىڭ ئاياللىرىنى باشلاپ بېرىپ قىز تەرەپ نىكاھ تويىنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىدۇ.

نىكاھ توي كۈنى سەھەردە، ئىسلام دىنىي شەرىئەت بويىچە قىز تەرەپتە نىكاھ ئوقۇلىدۇ. يىگىتنىڭ دادىسى مەخسۇس نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان يۇرتنىڭ ئىمام ـ مەزىنلىرىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. نىكاھ ۋاقتىدا سورۇندا قىز ـ يىگىت، قىز ـ يىگىتنىڭ قولداشلىرى ھازىر بولۇشى شەرت، نىكاھنى قىز بىلەن يىگىت تولۇق ئاڭلىشى شەرت. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىز ۋە يىگىتنىڭ رازىلىقى ئېلىنىدۇ ھەم سورۇندىكىلەر يىگىت بىلەن قىزنى تەبرىكلىشىدۇ. نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان شاكىرابقا ياكى قەنت سۈيىگە نان چىلاپ قىز بىلەن يىگىتكە يېگۈزىدۇ ياكى سۈيىنى ئىچكۈزىدۇ. بۇ «قىز بىلەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتى پاك، چىڭ بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىنى بىلدۈرىدۇ. نىكاھ رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن قىز بىلەن يىگىت، قىز يىگىت قولداشلىرى سورۇندىن ئايرىلىپ چىقىپ، سىرتتا ساقلاپ تۇرغان ئوغۇل ـ قىزلار بىلەن باغچىغا سەيلىگە بارىدۇ. سەيلە ۋاقتى ئىككى سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ. سەيلە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىز قولداش قىزنى، يىگىت قولداش يىگىتنى ئېلىپ تۆتى قىز قولداشنىڭ ياكى يىگىت قولداشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەم ئالىدۇ. نەق چۈشتە، ئىككى يىگىت ئىككى تاۋاقتا نىكاھ تامىقىنى ئەكىلىدۇ، نىكاھ تامىقى سېلىنغان تاۋاققا قىز ـ يىگىت قولداشلىرى ئۆزى خالىغانچە پۇل سالىدۇ، بۇ پۇل ئاشپەزگە رەھمەت ئېيتىلىپ بېرىلىدۇ.

### 4. قىز ـ يىگىت ئولتۇرۇشى

كەچلىك توي بولۇشتىن ئىلگىرى يەنى سائەت 5 لەر ئەتراپىدا قىز ـ يىگىت ئولتۇرۇشى بولىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشقا قىز ـ يىگىت مەسلىھەتتە قاتناشقان بارلىق قىز ـ ئوغۇللار قاتنىشىدۇ. ئۇلار قىز ـ يىگىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، گارمون تارتىپ جىر جىرلاپ بەزمە قىلىدۇ. سائەت 6 بولغاندا قىز ـ يىگىت، يىگىت قولداش، قىز قولداش ۋە مېھمانلار سورۇندىن ئايرىلىپ سىرتتا چىرايلىق بېزەلگەن ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ كوچا ئايلىنىشقا چىقىدۇ. كوچا ئايلىنىش ۋاقتى بىر سائەت ئەتراپىدا بولۇپ، چىرايلىق، مەنزىرىلىك مۇھىم جايلارغا بارىدۇ ھەم قىز ـ يىگىت ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. كوچا ئايلانغاچ قىزنى ئاخىرقى قېتىم ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قىز ـ يىگىتنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەھەللىلەردە ئۇششاق باللار ئارغامچا بىلەن يولنى توسۇپ، دەرۋازىلارنى تاقاپ يىگىت تەرەپتىن تويىنىڭ قىزىقى ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسىم ـ قائىدىلەرنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلىشىدۇ (يوللۇق تەلەپ قىلىدۇ). قىزنىڭ ئۆيىدە قىز تەرەپ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ھويلا ئىچىدە قاتار تۇرۇپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. قىز ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن يىغلاپ خوشلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى، تۇغقانلار قىبلە تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىپ، بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى شۇنداقلا بېشىنىڭ باش، ئايىغىنىڭ تاش بولۇشىنى تىلەپ، قىزنى كۈيئوغۇلغا تاپشۇرۇپ يولغا سالىدۇ.

### 5. توي (كەچلىك توي)

كەچلىك توي ـ ياشلار تويى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ توي

نىكاھ توي كۈنى كەچتە سائەت 7 لەر ئەتراپىدا قىز ـ يىگىتنىڭ دوستلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قىز ـ يىگىتنىڭ سىڭىللىرىنىڭ، ئىنىلىرىنىڭ دوستلىرى، يىگىت ئاتا ـ ئانىسى، يىگىت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دوستلىرى بولۇپ، 150 ـ 200 ئادەم قاتنىشىدۇ. كەچلىك تويغا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسى، تاغىسى قاتارلىقلار قاتناشمايدۇ. كەچلىك توي چىقىمىنى يىگىت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. سائەت 7 بولغاندا، قىز ـ يىگىت توي بولىدىغان رېستورانغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا كەچلىك تويغا چاقىرىلغان بارلىق مېھمانلار زال ئىچىدە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. قىز ـ يىگىت كىرىشى بىلەن ساز چېلىنىپ، ناخشا ئېيتىلىپ ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. قىز ـ يىگىت بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھەر خىل قورۇمىلار ۋە تاماق تارتىلىدۇ. سائەت 9 بولغاندا، توي باشقۇرغۇچى ياخشى تىلەكنى بىلدۈرۈپ يىگىت قولدىشىنى سۆز قىلىشقا چاقىرىدۇ. يىگىت قولدىشى بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ تويىغا ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەچچە مەيدان ئۇسسۇل ۋە تانسلاردىن كېيىن توي باشقۇرغۇچى سۆز ۋە قوشاقلار بىلەن قېينانىسىنىڭ كېلىنىنىڭ (پۈركەنجىسىنى) يۈزىنى ئېچىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. قىز ـ يىگىت قولداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن چوڭلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. قېينانا كېلىنىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ، بېشىغا ياغلىق ئارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ـ يىگىت، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوستلار بەزمىگە چۈشىدۇ. ئارقىدىن ئادىنۇشكا، نازىركوم ۋە تانسا ئوينىلىپ توي راسا قىزىيدۇ. ئىلگىرى تويىنىڭ ئەتىسى «ۋىچىركا» بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزگىرىپ توي كۈنى كەچكە ئۆزگەردى. بۇ يەردە شۇنى دەپ قويۇش كېرەككى، قىزنىڭ يۈزى ئېچىلماي تۇرۇپ قىز ـ يىگىت ئوتتۇرىغا چىقىپ تانسا، ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ. قىزنىڭ يۈزى ئېچىلىپ، بىر نەچچە قول تانسا ۋە ئۇسسۇلدىن كېيىن، توي باشقۇرغۇچى قىز ـ يىگىت ۋە قىز ـ يىگىت قولداشلارنى ئايرىم بىر مەيدان (باشقىلار ئوينىمايدۇ) تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كەچلىك توي سائەت 11 لەر ئەتراپىدا ئاياغلىشىدۇ.

كەچلىك توي ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خالىغان قىز ـ ئوغۇللار قىزنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىشىك بوسۇغىسىغا «پاياندار» قويۇلىدۇ. قىز بىلەن يىگىت پاياندازنى دەسسەپ ئۆيىگە كىرىدۇ. ئەتراپتىكىلەر (ئوغۇللار) پاياندازنى تالىشىپ يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى «تەۋەررۇك» قىلىش ئۈچۈن ساقلايدۇ. قىز ـ يىگىت ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، كەلگەن قىز ـ ئوغۇللار ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بەخت تىلەپ قايتىشىدۇ.

### 6. سالامغا كىرىش

تويىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قىز ـ يىگىت، قىز ـ يىگىت قولداشلىرى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا سالامغا كىرىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ مېھمان قىلىپ، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا ئالدىغا نەرسە قويىدۇ، شۇ كۈنى ئەتىگەندە قىزنىڭ ئانىسى قىزىغا ۋە كۈيئوغۇلغا ئىسسىقلىق ئەۋەتىدۇ. ئىسسىقلىقنى قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ، قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ئەكېلىدۇ. ئىسسىقلىقتا قىز ـ يىگىت ۋە يىگىت ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئېغىز تېگىدۇ. ئادەتتە ئىسسىقلىققا سامسا، پېتىر مانتا، ئۆپكە ـ ھېسىپ، گۆشنان ۋە باشقا تۈردىكى تاماقلارنىمۇ ئەكېلىدۇ. «ئىسسىقلىق» ئەكەلگۈچىلەرنىڭ تاۋاقلىرىغا كېيىملىك رەخت ياكى پۇل سېلىنىپ رازى قىلىنىدۇ.

### 7. چىللاق

چىللاق توي بولغان ھەپتە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. چىللاقنى ئاۋۋال قىز تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن كېيىن يىگىت تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ.

قىز تەرەپ چىللاق ئۆتكۈزگەن كۈنى قىز ـ يىگىت، قىز ـ يىگىت قولداشلىرى بىلەن بىللە قىز تەرەپ ئاتا ـ ئانىسىغا سالامغا بارىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنى، كۈيئوغۇلنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆز لايىقىدا نەرسە قويىدۇ. چىللاققا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

چىللاق ئۆزئارا ھاردۇق سوراشنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ چىللاق ئۆتكۈزگەندە، قىزنىڭ ئانىسى، ئاچىسى، سىڭىللىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى قىزنىڭ ھۇجرىسىنى ئالاھىدە پەتلەيدۇ. ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلەر بىلەن ھۇجرىسىنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ھەر ئىككى تەرەپ چىللاقتا تويدا ئىشلىگەنلەرگە «ھاردۇق چېيى» بېرىپ ئۇلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# ئۆرپا رىتسىپلىرى



هاپىز نىياز

ھۆكۈمالار شۇنداق ئېيتىدۇكى: ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ تەبىئىي مىزاجى، خۇي ـ پەيلى، كېچە ـ كۈندۈز، يېـ- مەك ـ ئىچمەك، دىنى ۋە قىلغان سۆزىنى سوراپ ئوبدان ئېنىقلاپ ئاندىن دورا قىلىش كېرەك.

تومۇردىن دورا قىلىشنى بەزى ھۆكۈمالار قىپتۇ. تو- مۇر ئۈچ خىل بولىدۇ. ئەر تومۇرلۇق، خوتۇن تومۇرلۇق، ھايۋان تومۇرلۇق دەپ بۇنى تېخى ھېچقانداق ھۆكـۈمـا ئايرىپ بىلگىنى يوق.

ھۆكۈمالار ھەر زېمىننىڭ سۇيىنى تۆت خىلغا ئايرىپتۇ. قۇدۇق سۇيىنى سوغۇق، بۇلاق سۇيىنى مۆتىدىل، يامغۇر سۇيىنى ئەركەك، مۇقىم ئاققان سۇنى چىشى دەپ، ھەر زېمىننىڭ سۇ ۋە مېۋىلىرى، جان ـ جانىۋارلىرى ۋە شۇ زېمىندا ئۆسكەن ۋە ھاۋاسىدا ياشىغان بارچە نەرسىنىڭ تەبىئىي مىزاجلىرى ئوخشاشتۇر. ئادەممۇ شۇ زېمىنـــىڭ سۇيىنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن خۇي ـ پەيلى، سۆزى بىر- دەك بولغان بىلەن مىزاجى زېمىنغا تەۋە.

ھەر بىر ئادەمنىڭ قەددىگە بېقىپ ئىللەتنىڭ قايسى ئىللەتلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ چارىسىنى تېپىپ دورا قىلماق بەسىمۇشكۇلدۇر. توغرا سۆزلىگۈچى تەگرى ئۆز فەزلى ـ كارامىتى بىلەن يەتمىش ئىككى ئىنسان پىرقىسىنى يارد- تىپتۇ ۋە ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبىئىي مىزاجى، خۇي ـ پەيلى ۋە سۆزىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ يارىتىپتۇ، بەس.

تەگرى ئادەم بەدىنىگە تۆت خىلتنى پىنھان قىپتۇ ۋە تۆتىلىسىنى بۆلەك ـ بۆلەك ئەزالارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ تۆت خىلت سەپرا، بەلغەم، سەۋدا ۋە قاندۇر. قان بېغىردا، سەپرا ئۆتتە، بەلغەم ئۆپكىدىدۇر. ئەگەر بەدەندە قان كۆپ بولسا لېۋى، تىلى قىزىل بولۇر. سەپرا تولا

www.uyghurkitap.com



بولسا لەۋ، تىلىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇر. بەلغەم تولا بولسا رەڭگى قارا بولۇر. سەۋدا تولا بولسا رەڭگى ئاق بولۇر.

تەگرى يەنە ياخشى، ئوبدان بولسۇن ئۈچۈن ئادەمنىڭ بەدىنىدە بۇ تۆت خىلتنى مۇرەككەپ قىلدى. شۇ سەۋەبلىك ئادەمنىڭ دەردىنى تاپماق ناھايىتى قىيىندۇر. بۇ تۆت خىلت بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشىدۇر، لېكىن ئادەم تېنىنى شۇ تۆت خىلت تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر تەنىدە قۇرۇق سوغۇق (سەۋدا) مەۋجۇت بولمىسا، ئۇستىخاندا ۋە تەنىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمايدۇ. ئەگەر بېغىردا قان بولمىسا سىڭىرلار قۇرۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆتتە قۇرۇق ئىسسىق ئۇستۇن بولسا ئۆپكىنى كۆيدۈرىدۇ. ئۆپكىدە ھۆل سوغۇقلۇق (بەلغەم) بولمىسا كۆڭۈلنى ۋەيران قىلىدۇ. ئەگەر بۇ تۆت خىلتنىڭ بىرەرسى بەدەندە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئىككى خىلت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە ئاغرىق كىشىنى قاتتىق ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۈچى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە ئۆلۈمگە يېقىنلىشىدۇ. ھۆكۈمالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: تەگرى ئادەمنىڭ ئىچىنىڭ چوڭلۇقىنى ئاسمان بىلەن يەرگە ئوخشاش كەڭرى يارىتىپتۇ. چۈنكى ئاسمان بىلەن يەردە بار ھەرقانداق نەرسە ئادەم بەدىنىدىمۇ بار. بەس، ئادەم ئۆزىنى بىلىپ نەپسىگە يول بەرمەي، بىرەر نەرسىنى ئۇستۇن كۆرمەي تەگرىنى بارچىگە قادىر ۋە رىزقى بەرگۈچى دەپ بىلگەي. كېسەلگە دورا قىلىشتا چوڭ ـ كىچىك تەگدۇر. چوڭ كىشىگە قانداق دورا قىلغان بولسا، كىچىك بالىغىمۇ ئوخشاش دورا قىلسا بولۇر. ئەمما ئادەمنىڭ قەددىگە بېقىپ دورا قىلىش لازىمدۇر...

## ئاۋۋالقى باب قاننىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تۆت خىلتنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۇلۇغراقى قاندۇر. ئەزالارنىڭ ئۇلۇغى كۆڭۈلدۇر. قان روھنىڭ ئەسلي ماددىسىدۇر. ھەرقانداق چاغدا ئادەم ئۆلسە قان روھ بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بەزى كىشىلەر قان بەدەنگە تاراپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بەدەنگە تاراپ كېتىشى راست بولسا، تەنگە تىغ سالسا قان كېلۇر ئىدى. بەس، مەلۇم بولدىكى: قاننىڭ روھ بىلەن بىر ئىكەنلىكى توغرىدەك تۇرىدۇ. ئىنساندا ئۈچيۈز ئاتمىش تومۇر بار. بۇنىڭ بىر يۈز ئالتىسى ھەرىكەتتە تۇرىدۇ. ئىككى يۈز ئون تومۇر بىچارىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ تومۇر چوڭ تومۇردۇر. بۇلارنىڭ بىرسى قىيپال، بىرسى باسلىق يەنە بىرسى بويۇن تومۇردۇر. ھەرىكەتتىكى تومۇرلار يۈرەك بىلەن بىرگىدۇر. ئارامدىكى تومۇرلار بېغىر بىلەن بىردۇر. ھۆكۈمالار نەزەرىدە كۈننىڭ ئالدىدا قان ئالدۇرسا ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، كۈن ئاخىرىدا قان ئالدۇرسا ئاغرىق چاققان شىپا تاپۇر، دەيدىغان گەپ بار. سوغۇق قاننى توختىتىپ ئاستا ئالماق ئوبداندۇر. ئىسسىق قاننى تېز ئېلىش كېرەك. ھۆكۈمالارنەزەرىدە مەزلۇم كىشىلەردىن قان تولا چىقسا ئاغرىقى كەم بولۇر، باش ـ بەدەنلىرى يېنىك، يۈزى نۇرلۇق بولۇر. ئەمما ئەر كىشىدىن قان ئېلىشنى ھۆكۈمالار ھەرگىز ياخشى كۆرمەپتۇ. ئەر كىشىدىن قان كۆپ چىقىپ كەتسە ئەرەنلىكى كەم بولۇر، تېنى ئاجىز، كۈچسىز، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. قان دېگەن ئەر كىشىنىڭ كۈچىدۇر. ھۆكۈمالار قان ئېلىشنى ياخشى كۆرمەپتۇ. تولا ھۆكۈمالار قانغا سەۋەب قىلىپ ياندۇرماقنى ئوبدان دەپتۇ.

## قان ئالماقنىڭ بايانى

ئەگەر كىشىنىڭ بېشىدىن قان ئالسا بەلغەم يوق بولۇر، ئىششىقلارنى ياندۇرۇر. كۆزدىن تۆت ئىلىك يۇقىرى چىنەپ قان ئېلىش دۇرۇستۇر. ئەگەر قان چىقمىسا باسلىق تومۇرىدىن ئالسا دېمىنى راۋان قىلۇر، مېيىنى يورۇق قىلۇر، كۆز ئاغرىقىمۇ بىر تەرەپ بولۇر. خاپىقان ۋە ھارام بەدەندىكى جاراھەتلەرگە، يۈرەك، بېغىر ۋە ئۆزگە ئەزالاردىكى ئىللەتلەرگە تولا مەنپەئەت قىلۇر. ئەگەر قاننى ئىككى قولدىن ئالسا بېغىر، يۈرەكلەرگە پايدا قىلۇر. جالىنۇس ھەكىم شۇنداق دەيدۇ: ئەگەر قان ئېلىپ بىھۇش بولغاندا ئاغرىق كىشىنىڭ بۇرنىغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى پۇراتسا چاققان ھوشىغا كېلۇر. ئەگەر باشنىڭ چاچ ياقىسىدىن تۆت ئىلىك يۇقىرى تۆپىسىدىن قان ئالسا يەلدىن، قاندىن ئىششىغانغا پايدا قىلۇر. ئەگەر كىشىنىڭ بېغىرىدا يەل تۇرۇپ قالسا، يۆتىلىپ ئارام تاپالمىسا قولىنىڭ ئۇچىنى قۇلاقنىڭ ئۈچى بىلەن تەڭ تۇتۇپ جەينەك يەتكەن يەردىن ھىجامەت قويسا پايدىلىقتۇر. بېغىرنىڭ تومۇرى شۇ يەردىدۇر. ئەگەر باشتىن، قولدىن قان ئالسا بەلدىن يۇقىرىغا پايدىسى كۆپتۇر. ئەگەر ئىككى پۇتتىن قان ئالسا بەلدىن تۆۋەنگە پايدىسى بار. قاننى چاققان ئېلىش ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ياندۇرۇش ئوبداندۇر. ئەگەر سېھىل (سىل) تۇتۇپ، قان بەدەندە ئۇزاقداپ بۇزۇلۇپ قالسا، زاتى كېسەل قاندىن بولۇر، دەپتۇ.

### تومۇرنىڭ بايانى

ئۇچۇنغان كىشىنىڭ تومۇرى ئىككى يانغا چايقىلىپ سالۇر، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بەدەن تەرەپكە سالىدۇ، ئۈچ ـ تۆت قېتىم قولنىڭ ئۇچىغا تارتىپ سالىدۇ. ئەمما ئىسسىقى ئاشسا تومۇرى ئوخشاش سالۇر كۈچلۈك سالىدۇ. ئۇنداق تومۇرنى ئۇچۇنغان دەيدۇ. ئەنسىرىگەن كىشىنىڭ تومۇرى، يۈرىكى ئىسسىغان كىشىنىڭ تومۇرى، يۈرەك باغرىغا زىيان يەتكەن كىشىنىڭ تومۇرى بىرەر بىر ئوخشاش سالۇر. ئاغرىقنىڭ تومۇرىنى ناشتىدا تۇتقان ياخشىدۇر. خالىغان چاغدا تومۇر تۇتۇشنى ھۆكۈمالار ياخشى كۆرمەيتۇ. ئادەمنىڭ خۇي ـ پەيلى، ياخشىلىقى ھەر سائەتتە بەدەننى كۆڭۈلنىڭ خاھىشى بىلەن چۆرۈلۈپ تۇرۇر، دەپتۇ. ئەگەر ئادەمدە بۇ خۇيلار بولمايدىغان بولسا شەيتان ئادەمگە ھەرگىز دوست بولماس ئىدى. ئەمما ئاغرىقنىڭ سەۋداسى باشقا بولغىنى ئۈچۈن تولا ھۆكۈمالار تومۇرنى كۆرمەيدۇ، ئادەمنىڭ خۇي ـ پەيلى ۋە سۆزىگە قاراپ دورا ئىستېمال قىپتۇ. ئەمما سەھەردىكى تومۇر كەچتىكى تومۇرغا ئوخشىماس ۋە كېچىنىڭ تومۇرى كۈندۈزنىڭ تومۇرىغا ئوخشىماس. سەھەر ۋاقتىدا كۆرگەن تومۇر راۋان بولۇر، ھەركىم تومۇرنى ئەتىگەندە كۆرسە ئوچۇق، روشەن بولىدۇ. ناشتىدىن كېيىن كۆرگەن تومۇرغا ھۆكۈمالار ھېچ سۆز قىلماپتۇ. ئەمما سەھەرنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن ئاللا تائالا شىپالىق ئاتا قىلۇر. يەنە بەتخۇي كىشىنىڭ تومۇرى يەنە تومۇرلارغا ئوخشىماس ۋە ھەر ئادەمنىڭ تومۇرى تەنگە تەۋەدۇر. لېكىن ئەجىلى مۇتلەق بولمىغان كۈندە، مەگەر ئەجەل مۇتلەق بولغان كۈندە ھەر بىر تومۇرى جانغا تەۋە، دەيدۇ، ۋاللاھۇ ئەلەم.

## ئىككىنچى باب سەپرانىڭ دورىلىرى

سەپرادىن ئىششىقى بولسا ئازراق بولۇر، رەڭگى سېرىق بولۇر، كۆيۈپ شىددەت بىلەن ئاغرۇر. بۇ ھەم سەپرانىڭ نىشانىسىدۇر. كىندىكى ئاغرۇر، ئاچچىق بولۇپ بۇرنىدىن سۇ ئاقۇر. مەلقى كۆيەر، كۆڭلى ئەمەس بولۇپ لولاڭ (قالايمىقان) سۆزلەپ، ئۇيقۇچى بولۇپ، كۆزىنى ئېچىپ يېتىش خۇش ياقماس، كۆز، تىرناق ۋە بول غايەتلىرىمۇ سېرىق بولۇر. سەپرا ئېغىزنى ئاچچىق قىلۇر، مەيدىنى قاتتىق قىلۇر، بۇ سەپرانىڭ تۇتقانلىقىدۇر. تىلى قۇرۇپ تەشنالىق تولا بولسا، باغرىغا قولىنى ياقسا ئىسسىق بولسا، باغرىدا سەپرا باردۇر. ئەگەر كىشىنىڭ سەپراسى تولا بولسا جالىنۇس ھېكىم ئانداق ئەيتىپتۇر «ئاغزى تاتلىق بولسا قان زىيادە دەپتۇ. ئەگەر ئاغزى ئاچچىق بولسا سەپراسى باردۇر ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق بولسا بەلغىمى زىيادىدۇر. ئەگەر قان زىيادە بولسا بەدىنى ئېغىر، قىزىق بولۇر، ئۇچىسى ئاغرۇر، ئالامەت قان سەپرادىن بولۇر، ئەگەر سەپرادىن بولسا بېشىنىڭ يېرىمى ئاغرۇر، شەقىقە ئاغرىقى شۇنىڭدىندۇر. ئاغزى قۇرۇش، يۈزى سېرىق بولۇش، كۆزى قاراڭغۇلىشىش، چېچى بىۋاقىت چۇشۇش، ئاقىرىش، قول ـ پۇتلىرى تىترەش، پىشاۋى ئىسسىق ھەم دىشۋارلىق بىلەن كەلمەك، ئاغزى بەدبۇي بولۇش ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسى سەپرا بەلغەم بىر بولۇپ قاندىن ئىككى پۇتقا چۈشەر، كۆيۈپ ئاغرىپ تومۇرلىرى يوغانغىنى قاندىن بولۇر. سەپرا كىشىنىڭ كۆزى ئويمان كۆرۈنۇر، بۇنىڭ ئىلاجى ئىسسىق شەربەت ئىچكەي، مەجۇنلەردە كۇمۇنە مەجۇننى ئىختىيار قىلغاي. ئەگەر ئالامىتى قاندىن بولسا قان ئالماق لازىم. سۇرگە ئىچكەي، سەپرانىڭ ئۆز دورىسىنى ياساپ يېمەك لازىم. سەپرالىق كىشى ناشتىدا كىچىككىنە سۇ ئىچسە يارىشۇر، تولا ئىچسە زىيان قىلۇر.

سەپرا ۋە سەۋدانى باسىدىغان دورىلار: تەمرھىندى بىرسەر، سانا يەتتە مىسقال. بۇلارنى بىر ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ ئىچكەي، ئەگەر قەي قىلاي دېسە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى قەنت، ھەسەل، تەرتىز ئۇرۇقى، قوغۇن يىلتىزى، تەمرھىندى، كۆكنار ئۇرۇقى، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىر مىسقالدىن ئېلىپ ئىككى پىيالە سۇدا قاينىتىپ، بىر پىيالە قالغاندا سەھەردە ئىچمەك كېرەك. ئەگەر بەلغەمدىن قەي قىلاي دېسە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ھەسەل، سېرىق چېچەك، كۆك قوغۇن يىلتىزى، قاپاق ئۇرۇقى، تەرتىز ئۇرۇقلىرىنى ئىككى مىسقالدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئاندىن كېيىن ھەر ئاخشامدا ئىچكەي. ئەگەر سەۋدا ئۈچۈن قەي قىلاي دېسە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى تەمرھىندى، ئەرمەن سېرىق ئەيلە كۆك ئۈچ مىسقالدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئاخشىمى قورساق توق چاغدا ئىچكەي.

## ئۈچىنچى باب بەلغەم بولىدىغان مىزاجلارنىڭ بايانى

بەلغەمنىڭ نىشانىسى دېمى سىقۇر، ئۇيقۇسى تولا كېلۇر، بويى تىترەپ ئاغزى تاتلىق بولۇر، ئىشتىھاسى كەم بولۇر. ئىلاجى ئاغرىققا قاراپ قان ئالغاي. ئەگەر بەلغەمدىن پۇتى

ئاغرىسا دەردى ئاز بولۇپ، تولا شىددەت بىلەن ئاغرىماس. بۇ بەلغەمنىڭ زىيادىلىكىدۇر، تائامنى يېمەك ھەددىدىن زىيادە بولسا، تەننى سۇس قىلۇر، مەيدىنى بىقۇۋۋەت قىلۇر، سېمىزلىك كەلتۈرۈر.

بەلغەمنى سۈرىدىغان دورىلار: تەرتىز بىر مىسقال، ئەپتىمۇن بىر مىسقال، ھەلىمە بىر مىسقال، ئىگىر بەش پۇڭ، ھەشقىپىچەك ئۈچ مىسقال، تۇز يەتتە پۇڭ. بۇلارنى بىر يېرىم پىيالە سۇدا قايناتىپ ئىچكەي.

سەۋدانى سۈرىدىغان دورىلار: تەمرىھىندى بىر سەر، سانا بەش مىسقال، ئۆرۈك قېقى بەش مىسقال، ئاق شېكەر ئىككى سەر. بۇلارنى ئىككى پىيالە سۇدا قايناتىپ ئىچكەي.

ئەگەر كىشىنىڭ ئاغزى تاتلىق شور بولسا بەلغەمدۇر. ئەگەر ئاغزى ۋە تامىقى يىلىمدىشىپ شور بولسا ۋە ئاغزىدىن بەتبۇي پۇراق پۇرىسا، مەيدىسى ناھايىتى بىقۇۋۋەتتۇر. ئۈچىيىدە خىلىت پەيدا بولغاندۇر، ئېغىز تۇتۇشۇپ، تىلىنىڭ قۇرۇشقىنى ئىسسىقنىڭ سەۋەبىدىندۇر. تومۇرلىرى چىلىق سالۇر، قول ـ پۇتلىرىدا ئىششىق پەيدا بولۇر. بۇنىڭ ئىلاجى ئايارەج فەيقرا دېگەن مەجۇننى ياساپ يېگەي. شەربەتكە ئەپتىمۇن، سېرىق سۇنى ئىچكەي، ئاق شەربەت، دەپ بىر سەر سېرىق يۆگەي ئۇرۇقىغا بىر يېرىم پاتمان سۇ قۇيۇپ، قايناتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزگەي، ئۇنىڭغا يېرىم پاتمان ئاق شېكەر سېلىپ، قايناتىپ قىيامغا كەلتۈرۈپ ئەتە ـ ئاخشامدا چېغىچە ئىچكەي، بۇ بەلغەم سەۋدانى يوق قىلۇر. ئەگەر مەيدىنىڭ ئىششىغان ئالامىتى قاندىن بولغان بولسا، ئاغزى تاتلىق بولۇر. ئەگەر سەپرادىن بولسا، تەشنالىق (ئۇسسۇزلۇق) ۋە ئىشتىھاسى كەم بولۇر. ئەگەر بەلغەمدىن بولسا ئىششىق يۇمشاق بولۇر. ئەگەر سەۋدادىن بولسا ئىششىق قاتتىق بولۇر. بۇنىڭغا ھەر خىل خىلتنى كېسىدىغان ئۆز دورىسىنى بەرمەك كېرەك. ئەگەر ئىششىق سوغۇقتىن بولسا مەجۇنى گۇلقەنت يېمەك لازىم. يەنە قاتتىق ئالمىنى ئۇششاق يۇنۇپ، بەديان سۈيىدە قايناتىپ، ئازغىنە مەستىكى سېلىپ ئىچمەك كېرەك. ئەگەر ئىششىق قان سەپرادىن بولسا، ئاغزىدىن تولا سۇ كېلور. بۇ بەلغەمگە مەجۇنى نانخۇا يېگەي. بۇ مەجۇنى نانخۇانىڭ دورىلىرى قارا بەديان، سېرىق بەديان، كەرەفشە ئۇرۇقى، زەردەك ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن ئىككى يېرىم مىسقالدىن يانچىپ، قەنت ياكى شېكەر بۇلار بولمىغاندا، تۆت سەر ھەسەلدە يۇغۇرۇپ ئىككى مىسقالدىن يېگەي.

مەجۇنى نانخۇانىڭ خاسىيىتى بەدەندىكى يەل ۋە بەلغەملەرنى يوق قىلۇر. مەيدە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىك قىلۇر، تائامنى ھەزىم قىلۇر، خۇشاللىق كەلتۈرۈر. بۇقرات ھەكىم ئېيتىپتۇ: «بۇ مەجۇنى نانخۇاغا تەئەججۈپكى (ھەيرانمەن) ئىستېمال قىلغان كىشى تەبىقا ئېھتىياجلىق بولماس».

## تۆتىنچى باب سەۋدانىڭ بايانى

ئىللەت سەۋدادىن بولسا، پۇت ـ قولنى سۇنالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆيۈشۈپ قاتتىق بولۇپ ئاغرۇر. سەۋدانىڭ رەڭگى كۆك كۆلرەڭ بولۇر، سەۋدا خىلىتكە چاققان سەۋەب قىلغاي ياكى سۈرگە بەرگەي. سەۋدانىڭ ئالامىتى تومۇر يوغان بولۇر، تۇگۈم ـ تۇگۈم بولۇر. ئۇنىڭ بەدىنى رەڭگى قىزىل بولۇر، قارىغا مايىل بولۇر، پات ئىلاجىنى قىلغاي. مۇناسىپ سۈرگە بەرگەي. ئەگەر قان مىزاجلىق بولسا چاققانراق قان ئالغاي. يەنە كەھپەغۇنىنىڭ يىلتىزىنى يا بىلگە سۇنى يا ئەرمەننى، سىياھدانىنى يامىددانىنى يا ساھپىنى، بۇ بەش تۈرلۈك دورىنى بۆلەك ـ بۆلەك قايناتىپ بۇسۇغا ئولتۇرغاي، سەۋدا خىلتنى پەس قىلۇر. سەۋدا خىلت بولغان كىشىدە فىكىرفاسىد (يامان خىيال) تولا بولۇر، بەتخۇي (قىلىقسىز) بولۇر. يۈزى قۇرغاق، كۆزى ئويمانىدەك كۆرۈنۈر. ئىلاجى تاتلىق مەجۇن ۋە كۇمۇننى ئىختىيار قىلغاي. ئادەمدە سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىلت غالىب بولسا، مۇپاسىل (بوغۇم يالىلۇغى) بولۇر. ئەگەر سەپرا غالىب بولسا، ئورنىدىن قوپسا بېشى قايۇر. كۆزىدىن ياش ئاقۇر. بەلغەم سەۋدا غالىب بولسا، ئىلكىدىن ئىش كېتەر، ئىلاجى ئىسكەنجىبىن شەربىتى ئىچكەي، ئون سەر شېكەرنى ئىككى پىيالە سۇدا قايناتىپ بىر پىيالە قالغاندا، بەش سەر ئۈزۈم سىركىسىنى قوشقاي. ئەتىگەندە بىر قوشۇققا ئۈچ قوشۇق قايناق سۇ قوشۇپ ئىلەشتۈرۈپ يەتتە كۈن ئىچكەي. شورپا ئىچمىسۇن، قاننىڭ ئورنىغا يەل كىرۇر دەپتۇ. مەيدە ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى بېغىردىندۇر. ئەگەر قان غالىب بولسا، مەيدە ئاغرىقى زىيادە بولۇر. خۇنىسىر بەنىسىرنىڭ ئارىسىدىن قان ئالسا، تولا مەنپەئەت قىلۇر. تازا قاننىڭ رەڭگى قىزىل سىردەك بولۇر، سوغۇقتىن ياسالغان شەربەتلەرنى ئىچكەي. ئەگەر كىشىنىڭ يۈرىكى ناھايىتى ئىسسىقتىن سالسا، دېمى كۆتەلىق بىلەن بىئارام بولسا بۇ شەربەتنى قايناتىپ

ئىچكەي، خالاس بولىدۇ. دورىلىرى بۇلاردۇر. چىلان،
ھەلىلە، ئاقتۇرما، ئىگىر، روغەن، ئايغاباقار، ئاق يېزىخو،
خۇرفە، تۆمۈر تىكەن، ئالتۇم قۇم، يۇمغاقسۈت، كۆكنار،
ئاق سەندەل، گۈل بىنەفشە، نىلۇپەر، ئانار قاسىرىقى
(پوستى)، زەردەك ئۇرۇقى، كەرەفشە، سانا، پىرلاڭ بۇ-
لارنىڭ ھەرقايسىسىنى بىر مىسقالدىن تەييارلاپ، ئۈچ سەر
ئاق شېكەر، بىر پىيالە سىركە بۇلارنى قوشۇپ ئۈچ پىيالە
سۇدا قاينىتىپ، ئۇبدان كۆچىنى چىقىرىپ، ھەر كۈنى
ناشتىدا ئۈچ قوشۇق، ئاخشاملىق تائامدىن كېيىن ئۈچ
قوشۇق ئىچسە، يۈرەك، بېغىر ئىسسىقتىن، قان يۆتەلدىن،
دەم سىققاندىن بولغان ئىللەتلەردىن خالاس تاپۇر. ئەگەر
بۇ شەربەتنى ئىچكەندە قۇۋۋەتلىك تائام يېمىگەي، گۆش،
ياغ يېسە، سۈت ئىچسە زىيان قىلۇر. ئەگەر كىشىنىڭ
سەۋداسى ئىندەك ئۆتۈپ، تەپ ئىللەتكە يەتسە بېشى
ئاغرۇر، ئەقلى سۇسلاپ، ئۇيقۇسىز بولۇر. بى دەردوي،
قول ـ پۇتلىرى ئاغرىغىنى سوغۇقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىلاجى
گۈلى رەيھان، سۇزاپ، قارا زىرەنى قاينىتىپ بېشىنى يۇ-
غاي، يەنە بابۇنە، قارغا تىرنىقى، گۈلبىنەپشە، گۈلخەيرى
يىلتىزى، ئايغا باقارلارنى بىر قىلىپ قاينىتىپ پۇتىنى
مانغاي (چىلىغاي). يەنە ئۆچكە يېغىنى سىركىگە ئېزىپ
پۇتىغا سۈرگەي. ئەگەر ئاغرىقى ئىسسىقتىن بولسا نىلۇ-
پەرنى تولا ھىدلىسا (پۇرىسا، ئىسلىسا) باش ئاغرىقى
دەپئى (يوق) بولۇر ۋە يەنە مەيدىنى قۇۋۋەتلىك قىلۇر،
ئۇيقۇنى ياخشى كەلتۈرۇر، قاننى دەپئى قىلۇر. ئەگەر كى-
شىنىڭ كۆزى ئاغرىسا، بۆرىنىڭ كۆزىنى، ئۆرۈك غورد-
سىنىڭ سۈيى بىلەن ئېزىپ كۆزىگە تارتسا كۆزى روشەن
بولۇپ، ياش ئاقىدىغىنى ياخشى بولۇر. ئەگەر مەزلۇم
كىشىنىڭ سۈتىنى شېكەر بىلەن ھۆل قىلىپ ئاق چۈشكەن
كۆزگە تارتسا ئاقنى يوق قىلۇر. كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈ-
كىنى كۆزگە تارتسا ياش ئېقىشنى يوق قىلۇر. يېڭى تۇ-
غۇلغان بالىنىڭ قوڭقىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ يانجىپ كۆ-
زىگە تارتسا ئاق چۈشكەننى ۋە يەنە شەبكورلۇقنى يوق
قىلۇر. ئەگەر كىشى بۇغىنىڭ ئۆتىنى كۆزىگە تارتسا شەب-
كورلۇقنى دەپئى قىلۇر. ئەگەر ئۆچكە ئۆتىنى يۇمشاق
يانجىپ كور بولغان كىشى كۆزىگە تارتسا كۆزى ناھايىتى
روشەن بولۇر. ئەگەر ئۆچكىنىڭ بۆرىكىنى كاۋاپ قىلىپ
كۆزىگە ياقسا شەبكورلۇقنى يوق قىلۇر. توشقاننىڭ قېنىنى
كۆزىگە تارتسا كۆز قىچىشقانغا پايدا قىلۇر.

بۆرىنىڭ ئۆپكىسىنى قۇرۇتۇپ يۇمغاقسۈت بىلەن بىر
قىلىپ يۈرىكى سالغان كىشىگە بەرسە تولا پايدا قىلۇر.
ئەگەر كىشىنىڭ دېمى سىقسا ئۆچكىنىڭ ئۆتىنى گۈل يېغى
بىلەن بىر قىلىپ يېسە پايدا قىلۇر. مەيدە قورساقتىن مە-
زاجى بۇزۇلۇپ ئاغرىسا بۇنىڭ ئالامىتى بۇ كىشى كۈندىن
كۈنگە ئورۇقلار. ئاغزى قۇرۇق بولۇر، سۇنى ئاز ئىچۇر،
تائام تۇزۇك سىڭمەس، ئىلاجى ئېشەك سۈتىگە ياكى
ئۆچكە سۈتىگە ئازغىنە قىلقىل قوشۇپ، بىر ـ ئىككى سەر
ھەسەل قوشۇپ كاپ قىلىپ ئىچمەك كېرەك. جۇۋىنەنى
ئاق شېكەر بىلەن قوشۇپ يېسە، مەيدىسىنى قۇۋۋەتلىك
قىلۇر. ھەرقانداق تائامنى يېسە ھەزىم قىلۇر، مەيدىدە
يىغىلغان كىر، ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر. مەيدىنى ساپ قى-
لۇر ۋە ئۇششاق يەللەرنى ھەيدەر. بۆرەك ئاغرىسا،
ئۆچكە سۈتىگە ئاق شېكەر سېلىپ ئىچسە ئىنشائاللاتائالا
خالاس بولۇر. ئەگەر تال كۆپسە مارجاننى مەجۇن بىلەن
قوشۇپ يېسە چاققان پايدا قىلۇر. ئەگەر كىشى ھىزار ئى-
سقەندىنى ئۇن قىلىپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئىلەشتۈرۈپ
ھەر كۈندە ئۈچ مىسقالدىن يېسە، قورساقتا ھەر خىل يەل
بولسا دەپئى قىلۇر. ئەگەر كىشى مۇپاسىل بولسا، پۇت ـ
قولى سوغالسا ئىنەك مېڭىسىنى، قوي مېڭىسىنى، تۆگىنىڭ
ئىسسىق قېنىنى ئايرىم ـ ئايرىم سۈرسە پايدا قىلۇر. ئەگەر
كىشىنىڭ يۈزىگە سەپكۈن چۈشسە ئاق تاباق گۈلنى ياكى
ماچى گۈلنى قۇرۇتۇپ سېلىمساق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
يۇمشاق يانجىپ سەپكۈن چۈشكەن يۈزگە سۈرسە يوق
بولۇر. ئەگەر كىشى ئىنەكنىڭ ئوشۇقىنى كۆيدۈرۈپ سۈت-
كە ئىلەشتۈرۈپ سەپكۈنگە سۈرسە يوق بولۇر. ئەگەر
كىشى ئىنەكنىڭ ئۆتىنى سەپكۈنگە سۈرسە يوق بولۇر.
ئەگەر كىشىنىڭ يۈزىدە چېچەكنىڭ دېغى بولسا، نىلۇپەر
گۈلنى يانجىپ سۈرسە يوقاپ كېتەر. ئەگەر كىشىنىڭ ئۈنى
پۈتسە، ئىسسىقتىن بولسا، زەردەكنى پىشۇرۇپ ھەر كۈنى
ناشتىدا يېسە ناھايىتى خۇش ئاۋاز بولۇر. ئۈينىڭ ئۆتى،
قۇندۇز قېرىنى ۋە ئۈزۈمنى بىر قىلىپ تاز باشقا چاپسا
تۈك ئۈنەر. ئەگەر كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىغا يەل تۇرۇپ
ئاغرىسا پىتپىتنى، تۈزنى دېۋىرقاي بىلەن يۇغۇرۇپ بىر
مىسقالدىن يۇملاقداپ بىر كېچە سۇغا چىلاپ ئاندىن يې-
گەي. ھەر يېگەندە بىر يۇملاقنى يېگەي ياخشى بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بۇرنىدىن قان ئاقىدىغان بولۇپ قالسا
غۇلجا مۇڭگۇزىنى يۇمشاق يانچىپ ئىككى مىسقال قارا
شېكەر بىلەن ئىلەشتۇرۇپ يېسە، ئىچىدىن بارغان قانلار
توختار دەپتۇ ۋە يەنە تۆگىنىڭ تۈكىنى كۆيدۇرۇپ يۇمـ
شاق يانجىپ ئىلەشتۇرۇپ قان چىققان يەرگە ياقسا توخـ
تار، دەپتۇ. ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىدە قۇرت بار بولسا،
بەدىنىدىن بىر نەرسىلەر ئۆرلەپ دائىم قىچىشىپ تۇرىدىـ
غان بولسا، بۇغا مۇڭگۇزىنى يۇمشاق يانجىپ قاراچىبىن
(چۆپىن) بىلەن بىر قىلىپ يېسە دەپئى بولۇر، دەپتۇ. ئەـ
گەر كىشى شاپتۇلنىڭ مېغىزىنى يۇمشاق يانجىپ ئۆچكىـ
نىڭ ئۆتى بىلەن بىر قىلىپ ئۇۋاپ شاپ قىلىپ قىچىشقان
يەرگە قويسا ئەلۋەتتە قۇرتلار يوق بولۇر، دەپتۇ. مەجۇنى
خاندىنىڭ خاسىيتى: مەجۇنى خاندى تولا ئىللەتلەرگە
مەنپەئەت بېرۇر. جىماغا قۇۋۋەت بېغىشلار، بەلنىڭ ئاغـ
رىقلىرىنى يوق قىلۇر، ئاغزىدىن سۇ قۇيۇلغاننى يوق قىـ
لۇر. بەلغەمنى يوقىتىپ ئېغىزنى خۇشبۇي قىلۇر، مەيدىـ
دىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۇر. قورساقتىكى يەللەرنى يوق
قىلۇر. بۆرەككە قۇۋۋەت بېرۇر. مەجۇنى خاندىنىڭ دوـ
رىلىرى: ئەيلە كۆك ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، نوقۇتنى
ئاقلاپ ئاق ئۇرۇقىنى، دارچىنىنى ھەر بىرى بىر مىسقالـ
دىن، ئاقىرقەرھا، بۇداي مېغىزى ھەر بىرى ئىككى مىسـ
قالدىن، قەلەمپۇر، يۇمغاقسۇت، تەرتىز ئۇرۇقى، زەردەك
ئۇرۇقى ھەر بىرى بەش مىسقالدىن ھەممىنى بىر قىلىپ
يانجىپ ئۇۋىلاپ، ھەسەل، قەنت بىلەن يۇغۇرۇپ بىر
مىسقالدىن ئىككى مىسقالغىچە يېگەي.

مەجۇنى جاۋارىشنىڭ خاسىيتى: مەجۇنى جاۋارىشنى
جالىنۇس ھەكىم شۇنداق تەرىپ قىلىپتۇر: ھەممە ئەزالارغا
قۇۋۋەت بېرۇر، ئاغزىنى خۇشبۇي قىلۇر، جەمئىي يەللەرـ
نى يوق قىلۇر. پىشاپنى تۈزەر، بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى
يوق قىلۇر. دىۋانىلىق (سەۋدايىلىق)، باش ئاغرىقى ۋە
بەدەندىكى سېرىق سۇ ئۇيۇغان قانلارنى دەپئى قىلۇر،
بۆرەككە تولا مەنپەئەت قىلۇر، چاچ ـ ساقالنى قارايتۇر.
مەجۇنى جاۋارىشنىڭ دورىلىرى: سۇنبۇل، چارچىن قاسـ
رىقى، قىزىل چاچكا، ئاق چاچكا، قەلەمپۇر، پىتپىتى، زەـ
پەر، مۇش دارۇ، قامچاگۇل ئۇرۇقى، سارىن، ئەيلەكۆك،
يۇمغاقسۇت، جۇۋىنە ئۇرۇقى، ئاق ماچىگۇل ھەر بىرى
ئىككى مىسقالدىن، بىر سەر سېرىق دېۋىرقاي. بۇلارنى
بىر قىلىپ يانجىپ ئۇۋىلاپ، بۇ دورىلارنىڭ ھېسابىچە
قەنت قوشۇپ، ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، ئون كۈن تۇرغاندىن
كېيىن ھەر كۈنى ئىككى مىسقالدىن يېگەي. تائامدىن ئىلـ
گىرى ياكى كېيىن بولسۇن، مۇددىتى يىگىرمە بىر كۈن
يېسۇن، دەپتۇ. گۈلسۇرۇخ شەربىتىنىڭ خاسىيتى: بەلغەم،
سەپرا، قانلارنى، تەپتىن بولغان تەشنالىقنى، يۈرەكنى قان
چىرماپ دائىم ئىسسىقتىن قان بولغاننى ياندۇرۇر. كۆـ
ڭۈلنى روشەن قىلۇر. گۈلسۇرۇخ شەربىتىنىڭ دورىلىرى
ۋە تەرىقى: بىر پاتمان گۈلگە بەش پاتمان سۇ قۇيۇپ
قاينىتىپ، گۈلنىڭ رەڭگى ئاقارغاندىن كېيىن ساپ قىلىپ
سۈزۈۋېلىپ سۇيىگە ئىككى پاتمان ئاق شېكەر سېلىپ،
ئۇنىڭغا بىر سەر بەدىيان، بەش مىسقال ئاق چاچكا، بەش
مىسقال چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەش مىسقال بابۇنە بولمىسا
كۆك دىغدا تۆت سەر سىركە قوشۇپ ئوبدان قاينىتىپ
قىيامغا كەلگەندىن كېيىن ئاز ـ ئاز مىل قىلغاي.

گاۋزىبان شەربىتىنىڭ خاسىيتى: گاۋزىبان شەربىتى
يۈرەككە قۇۋۋەت بېرۇر، خىيال ۋە سەۋدانى يوق قىلۇر.
دورىلىرى: ئون سەر گاۋزىبان، ئۈچ مىسقال ئىگىر سېلىپ
بەش ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈۋېلىپ،
ئون سەر ئاق شېكەر سېلىپ، ئوبدان قىيامغا كەلتۈرۈپ،
بىر مىسقالدىن بىر سەرگە يەتكۈزۈپ ئىچكەي.

چىلان شەربىتىنىڭ خاسىيتى: چىلاننى لۇغەت تىلىدە
ئەنابدەپ ئاتاپتۇ. بۇنىڭ قانغا پايدىسى تولىدۇر. قاننى
ياخشىلاش ئۈچۈن ئون ھەر چىلاننى تۆت ئاشقورا سۇدا
قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا، ئىككى پاتمان شېكەر سېلىپ،
يەنە ئازراق قاينىتىپ، ئوبدان قىيامغا كەلتۈرۈپ، ھەر
كۈندە بىر مىسقالدىن ئىككى مىسقالغىچە ئىچكەي.

بىنەپشە شەربىتىنىڭ خاسىيتى: بۇنى پارس تىلىدا
گۈل ھەمىشە باھار دەيدۇ، تۈركىي تىلدا كۆك چېچەك
دەيدۇ. بۇ شەربەتنى زاتۇلجەنۇب زاتۇلرە ئىبيە دېگەن
قاندىن بەدەنگە ۋە قورساققا تارقاپ قىزىل بولۇپ كۆـ
رۈنگەن كېسەلگە بۇ شەربەتنى ئىچكۈزسە تولا پايدا قىـ
لۇر. كونا يۆتەلگە، پىشاپ تولا بولغانغا ھەم پايدا قىلۇر،
بەدەننى يۇمشاق (سىلىق) قىلۇر. ياساش ئۇسۇلى: ئون
سەر گۈلبىنەپشىنى ئۈچ ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى
قالغاندا سۈزۈپ، ئىككى پاتمان شېكەر سېلىپ، يەنە قايـ
نىتىپ، ئوبدان قىيامغا كەلتۈرۈپ، بىر مىسقالدىن بىر

سەرگە يەتكۈزۈپ مىل سۈرگەي.

ئالما شەربىتىنىڭ خاسىيتى: ئالما شەربىتى مەيدە، جىگەر، يۈرەككە قۇۋۋەت بېرۇر. قورساقتا ئاش ـ ياغ تۇرۇپ قالغاننى، سەپرانى ۋە تەشنالىقنى باسۇر. ھامىلدار مەزلۇم يېسە تولا پايدا قىلۇر. ئۇسۇلى: ئوبدان پىشقان ئالما سۈيى يىگىرمە سەر، ئانار سۈيى ئون سەر، بۇ ئىككىسىنى بىر قىلىپ، ئۈچ ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا، ئىككى يېرىم جىڭ ئاق شېكەر سېلىپ، تا قويۇق بولغۇچە قاينىتىپ، قىيامغا كەلتۈرۈپ ئىچكەي. بىر مىسقالدىن بىر سەرگىچە يەتكۈزۈپ مەيىل قىلغاي.

شەربىتى خەشخاش خاسىيتى: بەدەننى يەڭگىل قىلىش، تەپ ئىللەتنى يوقىتىش، يۈرەك ۋە بېغىرنى سوۋۇتۇش، تۈرلۈك ئىسسىقلارنى بەدەندىن سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تولا مەنپەئەتلىكتۇر. بۇ شەربەتنىڭ دورىلىرى: گۈل بىنەپشە ئۈچ مىسقال، يۇلغۇن يىلىمى بىر مىسقال، نىلۇپەر، قىزىل تاۋاقگۈل بىر مىسقالدىن، ئەنجۈر ئۈچ مىسقال، بىندوزە ئۈچ مىسقال، كۆكنار ئۈچ مىسقال، شېكەر تۆت سەر. بۇ دورىلارنى ئوبدان قاينىتىپ قىيامغا كەلگەندىن كېيىن بىر قوشۇق ئىچكەي، ئاز ئىچكەي، دەپتۇ. خۇن بەستە بولغان مەزلۇم كىشى چىقىرتىكەن، فىلوس، ئاق زەردەك ئۇرۇقى، ئوردان ھەر بىرىنى بەش مىسقالدىن قوشۇپ ئىككى ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا شېكەر سېلىپ ئىچكەي، خۇن راۋان بولۇر.

**سۈپەت نانخۇانىڭ بايانى** بۇ مەجۇنى نانخۇانىڭ دورىلىرىنى ئوبدان توشقۇزۇپ ياساپ يېسە، ئادەمنىڭ ئايىقىغىچە تامام ئەزالىرىدا پەيدا بولغان قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا، قۇلۇنج (ئۈچەي)، مۇپاسىل، بۆرەك، بېغىر، تال، ئۆپكىدە بولغان ئىللەتلەرگە پەرۋەردىگارى ئالەم شىپالىق ئاتا قىلۇر. دورىلىرى: بەدىيان، ياش (چامغۇر) ئۇرۇقى، زەردەك ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، بىدە ئۇرۇقى بەش مىسقالدىن، قارا دېۋىرقاي، ئاقىرقەرھا، ماچىگۈل، قارنى يورۇق، چوگو، جوز، قەلەمپۇر، سېرىق دېۋىرقاي، دارچىن، قارا بەدىيان، ئۈچ مىسقالدىن، زەپەر، ئۇششاق جۇر، دارچىن ئۇرۇقى، داگسىن، قىزىل چاچكا، خەسۇلسۇ تۆت مىسقالدىن، قىزىل تاۋاقگۈل، گۈلسۇرۇخ ئىككى مىسقالدىن، لىسا نۇلئەساپىر ئالتە مىسقال، ئاق چاچكا، پىتپىتى، بوز يېغى ئىككى مىسقالدىن، ئون سەر ناۋات، بىر يېرىم پاتمان ھەسەلدە يۇغۇرۇپ يېگەي، دەپتۇ.

ئاقتۇرمىنىڭ خاسىيتى: ئەگەر كىشى ئاقتۇرمىنى يەپ يېتىپ قالسا، قورساققا قۇۋۋەت بېرۇر. ئىچۈك قۇۋۋەتلىك تائام يېگەن بولسا، ھەزىم قىلغاي، بۆرەكتە تاش، قۇم بولسا بىر تەرەپ قىلۇر. بارچە يەللەر يوق بولۇپ كېتەر. ئەگەر ئاغزىدىن سۇ ئاقار بولسا ئۇنىڭغىمۇ پايدا قىلۇر، خاسىيەتلىرى تولىدۇر.

**سەپرا بەلغەمنىڭ بايانى** سەپرا بەلغەم سەۋدا غالىب بولسا ئىلىكى بىپەرمانلىق بولۇر. ئىسكەنجىبىن ئىچمەك كېرەك. ئون سەر ئاق شېكەرنى ئىككى پىيالە سۇدا قاينىتىپ، بىر پىيالە قالغاندا بەش سەر ئۈزۈم سىركىسىنى قوشقاي ۋە ئەتىگەندە بىر قوشۇققا ئۈچ قوشۇق قايناق سۇ قوشۇپ ئىچكەي، بىر نۆۋەت قايناتقاننى يەتتە كۈن ئىچكەي. ئەگەر كىشىنىڭ قورسىقى ئاغرىسا قوينىڭ گۆشىنى سىركە بىلەن قاينىتىپ ناشتىدا ئىچسە قورساق ئاغرىقى كۆرمىگەي، دەپتۇ. مالىخولىيا كېسەلگە بۇ مەجۇنى ياساپ بەرسۇن. ئۈچ مىسقال دارچىن، كۇچۇلا، گوياخار، سۇنبۇل، دېۋىرقاي، كەرەپشە ئۇرۇقى، تۆگە تاپىنى مېۋىسى، يۇملاق ئېشەك تىكەن يىلتىزى، بەدىيان، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى، بوزبۇغا، ئوردان، قارابەدىيان، كۆرتە سۈيى قاتارلىق دورىلارنى بىر قىلىپ يانجىپ، قەنت بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر مىسقالدىن يېسە، ئاغرىق دەپئى بولۇر. ئەگەر سەپرا بەلغەمدىن قەي قىلىپ، بېشى قايسا، چوگۈنى ئوتقا كۆمۈپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق يانجىپ كاپ ئەتسە پات ياخشى بولۇر. ئەگەر مىزاجىغا كېلىشمەيدىغان بىر نەرسىنى يەپ قەي قىلىپ، ئىچكىنى سىڭمەي يانسا، چاچكا، ئىگىرنى بىر قىلىپ قاينىتىپ، بۇنىڭ بىلەن چوگونى كاپ ئەتسە ياخشى بولۇر. ئەگەر كىشىنىڭ مەيدىسىدىن تائام سىڭمەي يېنىپ چىقسا، جىگدىنىڭ سېرىق پوستىنى ئاقلىۋېتىپ، ئېقىنى ناۋات بىلەن باراۋەر بىر قىلىپ يانجىپ، ھەر تائامدىن كېيىن بەش مىسقال يېگەي، تولا پايدا قىلۇر ۋە يەنە بوز باغىنى پەنج پاي (بەش بارمىقى) بىلەن بىنەپشە بىلەن بىر قىلىپ يانجىپ ئىگىرنى بىر قىلىپ قاينىتىپ، ئازغىنا چايكا سېلىپ سۈيى بىلەن كاپ ئەتسە، مەيدىدىكى تائامنى ياخشى سىڭدۈرۈر. ئەگەر كىشىنىڭ مەيدىسىدە يەل تولا بولسا ھەم ئاغرىسا مەجۇن

MIRAS

www.uyghurkitap.com



يېگەي. كۆكنار ئۇرۇقى، قىچا ئۇرۇقى، زەپەر، سۇنبۇل، قارا سىراجىل يىلتىزى، ئاق چاچكا بۇ دورىلارنىڭ ھەر بىرىنى ئىككى سەردىن ئېلىپ يانجىپ، يۇمشاق قىلىپ ئۇۋىلاپ، ئون سەر ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ، بىر سەردىن بىر ھەپتە يېگەي. ئەگەر بەلغەم سەپرادىن مەيدە ئاغرىسا، ئىنەك سۈتىنى ھەسەلدە پىشۇرۇپ يېسە، مەيدە ئاغرىقىنى دەپئى قىلۇر ۋە يەنە مەيدە ئاغرىقىغا ئاقتۇرمىنى قوي سۈتى بىلەن پىشۇرۇپ يېسە ۋە ئىچسە مەيدە ئاغرىقىنى دەپئى قىلۇر، دەپتۇ. ئەگەر كېيىك مېڭىسىنى دائىم يېسە، ھەرگىز مەيدە ئاغرىقى كۆرمەس.

## بەشىنچى باب بۆرەك ئاغرىقى

بۆرەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان كىشى بۇ سوكمىلنى ياساپ يېسۇن. دورىلارنىڭ خەنزۇچە ئىسمىلىرى: يىجىرېن، فاڭشىي، جاڭفېيزا بىبو، شىلىنزىر، فېيزىر، جىنلىڭزى، جىن لىنزىر، جېگىن، گۈيخۇازىر ھەر بىرى بىر مىسقالدىن، خۇڭنىڭزا بىر يېرىم مىسقال، ئىپار ئىككى پۇڭ، بۇ دورىلارنى بىر قىلىپ يانجىپ، ئۇۋىلاپ، ئۇبدان تالقان قىلىپ ئىككى پۇڭدىن بەش پۇڭغىچە يېگەي. بۇ دورىنى يېگەندە ھەر تۈرلۈك مېۋە، گۆش، ياغ، تۈرلۈك ھايۋانات سۈتىدىن، ئەر _ خوتۇنچىلىق ئىشلىرىدىن پەرھىز قىلغاي. قۇۋۋەتلىك ئىش، قۇۋۋەتلىك تائاملاردىن ناھايىتى پەرھىز قىلىش لازىم ۋە ھەر دورىدىن زىيان يېتىپ قالسا، ئادەمنىڭ ئۆمرى كۆتە بولۇپ، ئۆلۈمگە يۈز تۇتار. يەنە بىر خىل سوكمىلنىڭ دورىلىرى: بۇغا مۈڭگۈزى، گوياخىي يىلتىزى، ئاق قىچا ئۇرۇقى، ئاق زەردەك ئۇرۇقى، چىڭسەي ئۇرۇقى، ياش ئۇرۇقى، بېدە ئۇرۇقى ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، سېرىق نۆشۇدۇر، كالا ئۆتى، گۆگۈت، قارقى ئات مېڭىسى، چاكاندا مېۋىسى، ھەر بىرى بىر مىسقالدىن، ياغلاق ئىككى يېرىم مىسقال، پاقا ئىككى يېرىم مىسقال، بۇ دورىلارنى يۇمشاق يانجىپ، ئۇۋىلاپ ئۈچ پۇڭدىن بەش پۇڭغىچە قۇۋۋەتكە بېقىپ يېگەي. بۇ جەمئىي دورىلاردىن بۆلەك (باشقا)، بەل، بۆرەك، ھەر قىسمى يەللەرگە دورا لازىم بولسا، پەسىللىرىگە قاراپ ئىزدەپ تېپىپ، ئاغرىققا دورا قىلغاي، ئەگەر كىشىگە مەرەز ياك كەھتەر چىقسا، ئۈچ مىسقال سىماپنى ئىككى مىسقال چىلان، ئىككى مىسقال كۆك ئۈزۈم بىلەن ئۆلتۈرۈپ، بىر مىسقال كىمخاپ پۇرۇچىنى ئۇبدان كۆيدۈرۈپ، ئىككى مىسقال كۆك چوقۇا تاماكا، ئۈچ مىسقال قوشقاچ مايىقى، بىر مىسقال كۆجە قېتىپ، يانجىپ، ئۇبدان ھۆل بولغاندىن كېيىن ئىككى پۇڭ ئايرىپ، چوقۇا تاماكا بىلەن ھەر كۈندە ئىككى غاڭزا يەنى ئىككى نۆۋەت تارتقاي. يەيدىغىنىنى ئايرىۋېلىپ، بۇنىڭغا ئادەم تىرنىقى بىر مىسقال، بىر مىسقال سىددىق ئادەم چېچىنى كۆيدۈرۈپ، بىر مىسقال پاقا ئۈستىخىنى، ئىككى مىسقال پەرەك، بەش پۇڭ چىن غۇنچە قېتىپ، قالغان سىماپنى ھەم چېقىپ يانجىپ، ئۇبدان قىيامىغا كەلتۈرۈپ، ئۇبدان يۇمشاق بولغاندا ھۆل قىلىپ، ئىككى پۇڭدىن بۆلۈپ، دانە _ دانە قىلىپ ھەر يېگەندە ئۈچ دانىدىن يېگەي. يەتتە كۈن يەپ ۋە يەتتە كۈن تارتسا، ھەرقانداق جاراھەت بولسا دەپئى بولۇر. دورا يېگەن كۈنلەردە تۇزسىز تائام يەيدۇ، گۆش، ياغ يېمەيدۇ، جىما قىلمايدۇ ھەر كۈندە بىر مىسقال كۆمۈشنى ئاغزىغا سېلىپ يۈرۈش كېرەك. بۇ دورىلارنى ھەر ۋاقىت يېگەندە چاچكا سۈيى بىلەن يېيىش كېرەك، خاسىيەتلىرى تولىدۇر. ئەگەر ھامىلدار مەزلۇمنىڭ بالىسى قورساقتا گۇمان بولۇپ چۈشمىسە، ئات تېزىكىنى سىقىپ سۈيىنى ئىچۈرسە، خاھى ئۆلۈك بولسۇن، خاھى تىرىك بولسۇن دەرھال جۇدا بولۇر. ئەمما ئېھتىيات قىلماق كېرەك. ئەگەر كىشىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەس بولۇپ قالسا، ئاق ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلىسا ئۇيقۇسىدىن ئويغانماس.

## ئالتىنچى باب خاسىيەتلىك تاشلارنىڭ بايانى

ئەگەر كىشى سەدەپنى كىچىك بالىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويسا چىشى ئاغرىماس، چىشى ئاسان چىقۇر. ئەگەر كىشىنىڭ بوغۇزى ۋە بۇرنىدىن قان كېلىپ توختىمىسا، ئۈچۈگە (ئۈچەي)سىدە دەرد پەيدا بولسا، مارجاننى يانجىپ، تالقان قىلىپ مەجۇنگە قېتىپ يېسە تولا پايدا قىلۇر. مارجاننىڭ ئۇبدىنى قىزىل بولۇر. ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنى ئاغرىماي بىر ئىللەت پەيدا بولسا ياكى قۇلاق قىچىشسا بۇ سەپرا، بەلغەم، قان سەۋدادىن فاسىد (بۇزۇلغان) بولغان خىلىتلاردىن دەپتۇ. ھۆكۈمالارنىڭ كۆپىنچىسى قان ئالماقنى مۇناسىپ دەپتۇ. يەنە سۈرگە بەرگەي. زىيان قىلىدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىپ ھاماماغا كىرگەي. بۇ خىلىتلاردىن پاك بولغاندىن كېيىن بۇ دورىلارنى

چاپلىغاي. مۇش دورا، مامۇران كۆكى، چاكاندا، نۆشۈدۈر، قىزىل شوخلا مېۋىسى، كۆك دىرتاغولى ھەممىسىنى مىيتىر بولغانچە بەش مىسقالدىن ئېلىپ يانجىپ، گۈل يېغى بىلەن سىركىدە ھۆل قىلىپ بەدەنگە چاپلىماق كېرەك ۋە يەنە بۇغداي يېغى قىلىپ سۈرسە دەپئى بولۇر. ئەگەر بەلغەمدىن مەيدىدە ئىششىق پەيدا بولسا مەھكەم قاتتىق بولۇر. مۇنىڭا مىزاجىغا قاراپ بۇ شەربەتنى بەرمەك كېرەك. ئىككى دانە ئاتارغا ئارپا چىقىپ قايناتىپ، ئەينۇلا، ئۆرۈك، تەمرھىندى، بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق ماچىگۈل بىلەن بىر قىلىپ قايناتىپ ئىچسە مەيدىدىكى ئىششىقنى يوق قىلۇر، دەپتۇر. مالىخولىيا دەپ سەۋدا ئاغرىقنى ئېيتۇر. بۇنىڭ دورىلىرى بەش مىسقال ئەپتىمۇننى ئار پاسۇيىدە قايناتىپ ئىچكەي ۋە ھەپتە ئەندامىدىن قان ئالغاي. ئاندىن كېيىن مىزاجىغا بېقىپ ئارپىنى ئاقلاپ قايناتىپ، شېكەر قوشۇپ، گۈلى رەيھان ئۇرۇقىنى قوشۇپ ئىچمەك كېرەك، بۇ كېسەل دەپئى بولۇر. ئىستىسقا دەپ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى ئېيتۇر. قارا چۆرتكە (چېكەتكە) قورۇتۇپ ئۇن قىلىپ يېسە ئىششىق ئىللەتنى دەپئى قىلۇر.

تال ئاغرىقنىڭ بايانى تال كۆپۈپ يەل سانجىغاننى سەۋدانىڭ ئالامىتى دەپتۇ. بۇ قانغا ئۆرۈلۈپ تالغا زىيان يەتكۈزۈر. تالغا زىيان يەتكەندىن كېيىن يەلنىڭ تۆۋەنىدىكى ئەزالاردا كىچىك ـ كىچىك ئىششىق پەيدا بولۇر. تالدىن ئۆپكىگە يەل يۈگۈرۈر. شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەرگە قويۇلۇر. قۇلۇنج كېسىلى ئاندىن پەيدا بولۇر، دەپتۇ. تال ئاغرىقى بولغان كىشىنىڭ ئاۋۋال ئىككى تاپىنى قىزۇر. نە ئۈچۈنكى سەۋدا خىلىت مەيدىگە قويۇلغاندىن كېيىن تالنىڭ زەھىرى ھارارەتلىرىدىن قولپۇتقا تارقاپ ئاغرىپ زەئىپ، بىھال بولۇر، ئىككى قۇلىقى سوغۇق بولۇر، قان سويۇق بولۇر، سوغۇق نەرسىلەرنى پات قوبۇل قىلۇر، ھەر ۋاقىتتىكى تال ئۆزى چوڭ بولسا دەم نەپەس تەڭلىك قىلۇر، قورسىقى چوڭ بولۇر، باغرى سۇس، رەڭگى قارامتۇل بولۇپ سېرىق سەۋزە رەڭ بولۇر، گەدىنى تارتىشىپ بەدەن سېمىز بولۇر. ئىلاجى، بەدەننىڭ ئىششىقلىرىدىكى ئىللەتلەرگە قۇۋۋەتلىك دورىلارنى يېگەي. نېمە ئۈچۈنكى، قۇۋۋەتلىك دورا بولمىسا تال، بېغىرنىڭ قۇۋۋىتى كېمىيۇر، بېغىر بىلەن تالنىڭ ئارىسى يىراق بولۇر، ئەمما بۇ كېسەلدە ئىششىق پەيدا بولۇش بىلەن ئۆز گۇناھىغا بېقىپ تۇۋا قىلىپ خۇدايتائالانىڭ ئەمرى بىلەن سەۋەب قىلماق كېرەك. ئەمما تال ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى: ئەگەر تال ئاغرىقى قاندىن بولغان بولسا ئالامىتى سول تەرەپتىكى تال تۇرغان يەر ئاغرۇر. تەشنالىقى بولۇر، پىشاۋى قارا بولۇر، تال تۇرغان يەر قىزىل بولۇر، ئەگەر تال ئاغرىقى سەپرادىن بولغان بولسا ئالامىتى تال تۇرغان يەر بىھەد كۆيۈپ ئاغرۇر، دەم (تىنىق) ئېلىشى ئىتتىك (تېز)، كۆزى، تىلى سېرىق بولۇر، ئاغزىنى قارىغا مايىل بولۇر، ئەگەر تال ئاغرىقى بەلغەمدىن بولسا ئالامىتى تال چوڭ بولۇپ، ئاغرىقى ئاز، يۈزى، تىلى ئاق بولۇر، يۈزى، كۆزى ئىششىغاندەك كۆرۈنۈر، پىشاۋى ئاق بولۇر، ئارقا پىشاۋى قارا بولۇر، قورسىقى كېرىلىپ، دېمى كېسىلۇر. تومۇرلىرى ئىلدام سالۇر ۋە تېشىغا چىقىپ كۆرۈنۈپ تۇرۇر، ئەگەر تال ئاغرىقى قاندىن بولغان بولسا، بۇنىڭ ئىلاجى، باسلىقتىن قان ئالغاي ھەم بۇ دورىلار بىلەن داۋالاش لازىم. سۈرگە، ئاچچىق قوغۇن سۈيى، كالا سېرىق سۈيى، شوخلا ھەرقايسىسىنى چېغىچە ئىلەشتۇرۇپ، تېۋىپ ئۆزى بىلىپ يېقىق قىلغاي. كەھپەغۇننىڭ يىلتىزىنى، توپ ئېچىلغان سەھرا سېرىق گۈلىنى ھەر بىرىنى ئىككى مىسقالدىن، شوخلىنى سىقىپ سۈيىگە سىركە سۈيى قېتىپ يۇغۇرۇپ تالنىڭ تۆشىگە تاڭماق كېرەك. غىزاسىغا ئارپا سۈيى قايناتىپ ئاق شېكەر سېلىپ سەپرادىن بولغانىغمۇ زىكرى قىلغان سۈرگىنى بەرسۇن. بەلغەمدىن بولغان تال ئاغرىقىنىڭ ئىلاجى: ھىزار ئىسپەندىنى چېغىچە يانجىپ، سۆكسۆك ئۇتىنىڭ كۈلىنى سىركىگە چېقىپ، زاراڭزىنىڭ يېغىدا يۇغۇرۇپ تالنىڭ تۆشىگە ياقماق كېرەك. ئەگەر سەۋدادىن بولغان بولسا، ئىلاجى: باسلىقتىن قان ئالماق ۋە ئىسكەنجىبىن ئىچمەك كېرەك. ئەگەر تالغا كىچىككىنە يەل تۇرغان بولسا، سول قولتۇقنىڭ ئاستى تارتىشۇر، ئىششىقى بوش بولۇر، بۇنىڭ ئىلاجى: ئۈزۈم سۈيىگە كەھپەغۇننىڭ يىلتىزى، گۈل ئۇرۇقى، تال ياپرىقى قاتارلىقلارنى قايناتىپ ئىچسە ناھايىتى پايدا قىلۇر. ئەگەر كىشىنىڭ مۈرىسىدە يەل پەيدا بولسا، يەل يۈگۈرۈشۈپ پەيدا بولغىنى تائامدىن زىيان يەتكەندىندۇر. بۇ مەجۇننى يېگەي: كۆكنار ئۇرۇقى، زەپەر، سۇمبۇل، ئاقىرقەرھا،

www.uyghurkitap.com





دارچىن بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر سەردىن بىر قىلىپ
يانچىپ، ھەسەلدە يۇغۇرۇپ ئىلەشتۈرۈپ، ئىككى مىس-
قالدىن ھەپتە كۈن يېسە ساقىيۇر. ئەگەر بەلغەم، سەپرا،
سەۋدا ئاشقازانغا يىغىلغان بولسا، خۇرپە، ئامىلە، پىت پە-
تى، ھەلىلە ھەر بىرى سەككىز مىسقالدىن، بۇنىڭغا ئىككى
مىسقال تاشتۇز قوشۇپ، يۇمشاق يانچىپ، ئۇگىلاپ ھەر
كۈندە بىر يېرىم مىسقالدىن يېسە ۋە يەنە چاشكا سۈيى
بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، مەيدىنى قۇۋۋەتلىك قىلىپ، تا-
ئامنى ھەزىم قىلىپ ئىشتىھانى ئاچۇر ۋە يەنە بەلغەم،
سەپرا، سوغۇق شامالدىن مەيدە دائىم كۆپۈپ يەل سان-
جىپ ئاغرىسا، چاشكا، قارا زىرە، ھەلىلە، بەلىلە، ئامىلە،
پىت پىتى، قاراмۇچ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قارا تۇزلارنى
بىر مىسقالدىن ئېلىپ، قوشۇپ يانچىپ، ئۇگىلاپ ھەر
ئەتىگەندە سۇزاپ ياكى چاشكا سۈيى بىلەن بىر مىسقال-
دىن ئىچكەي، مەيدىنى قۇۋۋەتلىك قىلىپ، تائامنى ھەزىم
قىلىپ، بەدەننى سىھھەت(سالامەت) تاپتۇرۇر، دەپتۇ.

ھەربىر ۋۇجۇنىكى سەۋدا بەلغەمدىن كۆز، تىز ئاغ-
رىقلىرى، قان سەپرا، مەيدە ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى،
يەل، قۇلۇنج ۋە چىش ئاغرىقلىرىغا، يۈرەك سالغان ۋە
ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلۇر. ئىشتىھانى زىيادە قىلۇر.
جىمى يەللەرنى پەس قىلۇر ۋە كۆڭۈلنى روشەن قىلۇر.
دورىلىرى بۇدۇر: قىزىل چاچكا، ئاق چاچكا، جوز، بوز
يېغى، دېۋىرقاي، دارچىن، قارنى يورۇق، پىرلاڭ، قەلەم-
پۇر. ھەر بىرى تۆت مىسقالدىن، زەپەر، ئاقىر قەرھا، ئە-
گىر ھەر بىرى ئىككى يېرىم مىسقالدىن، ئىپار ئىككى
پۇڭ، ئاق شېكەر بەش سەر بۇلارنى يانچىپ، يىگىرمە سەر
ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، خورەكىگە ئۈچ مىسقالدىن يېگەي.
مەجۇنى جاۋارىش ھەممە ئەزالارغا قۇۋۋەت بېرۇر. ئاغ-
زىنى خۇشبۇي قىلۇر، جىمى يەللەرنى دەپئى قىلۇر. كې-
چىك تەرەتنىڭ كۆپلۈكى ۋە تۇتالماسلىقنى باغلار. بەل-
غەمدىن بولغان يۆتەلنى دەپئى قىلۇر. بېغىرغا پايدا قىلۇر.
بۆرەكتە تاش بولسا، ئۇنى يوق قىلۇر. ساقال، چاچنى
قارىتۇر. بۇ مەجۇننىڭ دورىلىرى: سۇمبۇل، دارچىن قا-
سىرىقى، دارچىن ئۇرۇقى، قىزىل چاچكا، ئاق چاچكا، قە-
لەمپۇر، زەپەر، پىت پىتى، قاراмۇچ، قىزىل قۇشقاچ تىلى،
سارىن، سېرىق ئەيلە كۆك ئۇرۇقى، ئاق يۇمغاقسۇت ئۇ-
رۇقى ئىككى مىسقالدىن، سېرىق دېۋىرقاي بىر سەر، بۇ-
لارنىڭ ھەممىسىنى يانچىپ ئۇگىلاپ، ئۈچ يېرىم سەر
شېكەر ۋە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ تائامدىن ئىلگىرى ياكى
كېيىن بولسۇن ئىككى مىسقالدىن يېگەي. دورىنى قىلىپ
ئون كۈن توختاپ ئاندىن يىگىرمە بىر كۈن يېگەي. نە-
لۇپەر شەربىتىنىڭ خاسىيىتى: نىلۇپەر شەربىتى ناھايىتى
سوغۇق، بەلغەم بولغان ئىللەتلەرنى دەپئى قىلۇر. قان،
تەب، زات، يۆتەل، دىماق قۇرۇغانغا، ئۇيقۇ قاچقانغا تولا
مەنپەئەت قىلۇر. نىلۇپەر شەربىتى بەش سەر نىلۇپەرنى
يىگىرمە سەر سۇدا قاينىتىپ نىسپى (يېرىمى) قالغاندا
سۈزۈپ ئېلىپ، بەش سەر قەنت سېلىپ قاينىتىپ، قىيامغا
كەلگەندە بىر مىسقالدىن ئۆلچەپ ئىچكەي. ھەر كۈنى بىر
مىسقالدىن زىيادىلىتىپ بىر سەرگە يەتكۈزۈپ ئىچكەي.
بۇنىڭ خاسىيىتى: بەلغەم، قانلارنى يوق قىلۇر. ئۆپكە،
يۈرەك، بېغىرلارنى ساپ، دەمنى راۋان قىلىپ، كۆڭۈلگە
خۇشاللىق كەلتۈرۈر. شەربىتى دىنارى ئاق ئالمىنى ئاق-
لاپ، ئۇششاق قىلىپ قاينىتىپ، بىر سەر ئاق شېكەر سې-
لىپ، خۇرپە كۆكىنى توغراپ بىر قىلىپ قاينىتىپ، سۈزۈ-
ۋېلىپ، قىيامغا كەلتۈرۈپ ئىچكەي. يەنە بۇ شەربەتنى ھەم
ئىچىپ بەرسۇن. كەھپەغۇن يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى،
بەدىيان يىلتىزى بەش مىسقالدىن، قارا بەدىيان ئۇرۇقى،
كەرەپشە ئۇرۇقى، تاۋاقگۈل ئۇرۇقى، سېرىق يۆگەي ئۇ-
رۇقى بۇلار ئۈچ مىسقالدىن، ئىگىر بىر يېرىم مىسقال،
ئەرمەن كۆكى ئىككى مىسقال، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ،
بىر پاتمان سۇغا يېرىم پاتمان سىركە چېقىپ، دورىلارنى
مۇشۇ سۇغا چىلاپ قاينىتىپ قويۇپ، ھەر كۈنى ھالىغا
بېقىپ ئىچكەي. بەلغەم، قان، سەۋدالارنى دەپئى قىلۇر.
خاسىيىتى چۆپچىن، چۆپچىن ئىككى خىل بولۇر، قىزىلغا
مايىل ئاق بولۇر، ئاق بولغىنى ئوبدانراقتۇر. جىمى
يەللەرنى يوق قىلۇر. بۇ دورىنىڭ مىزاجى سوغۇق. ئىس-
سىقلىق مىزاجلىققا، جىگەردە دەردى بار، مەيدىدە يېلى
بارغا، جىگەردىن يۆتەل بارغا، بۆرەك يەللىرىگە، بادرە-
ھىمغە، ھەيز توختاپ قالغانغا مەنپەئەت قىلۇر. ئۈچەيدىكى
قۇلۇنجىنى ئاچار. نى مۇشەققەت مەرەزلەرنى دەپئى قىلۇر.
مەيدىنىڭ يەللىرىنى يوق قىلۇر. خىلىت فاسىد (بۇزۇق
خىلىت)لارنى دەپئى قىلۇر. كۆڭۈلگە قۇۋۋەت بېرۇر.

تەننى سېمىز قىلۇر. توختاپ قالغان يەللەرنى ئاچار، تال، جىگەردىن بولغان يەللەرنى ئاچار، ئەگەر كىشىنىڭ بەدە-نىگە يەل چىقىپ ئىششىپ كەتكەن بولسا گۆش پەيدا بولۇر. مەزلۇمنىڭ بادەرەھەم يەلى بولسا، تۇغماس بولۇر. بۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر مسقال چۆپچىننى بىر مسقال قەنت بىلەن يۇمشاق سوقۇپ يېسە پەرزەنت سالىھ ئاتا قىلۇر. ئەگەر كىشىنىڭ غەلىز يەللىرى بولسا، بىر مسقال چۆپچىننى قاينىتىپ ئىچسە دەپئى بولۇر. يەلدىن بولغان زەھەرلىك ئىللەتلەرگە مەنپەئەت قىلغاي. ئەگەر ئىسھال بولغان كىشى ئىسھال زەئىپلىكىدىن مەيدىدە يەل بولسا، بىر مسـقـال چۆپچىننى بىر مسقال قوتۇر غولدۇرغۇچنى يۇمشاق ياذ-جىپ يېسە، قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلۇر. ئەگەر بىر يېرىم مسقال چۆپچىننى مىزاجىغا مۇۋاپىق كەلـتـۈرۈپ، دورا ياساپ يېسە، ھەممە يەللەرنى يوق قىلۇر.

مەجۇنى چۆپچىنىنىڭ دورىلىرى: چۆپچىن ئىككى سەر، سۇنبۇل، چوگو، دېۋىرقاي، سېرىق، قارا دېۋىرقاي، لە-سانۇلئەساپىر، تۆگە سىڭىرى، قويىنىڭ ئىلىكى، يېغى ئىك-كى مسقالدىن، سانا بەش مسقال، دارچىن، قەلەمپۇر، پىتپىتى، ئاق چاچكا، جۇر، پىرلاك بىر مسقالدىن، كۆ-چۈلا، بوز باغى، بۇغا چەبرىسى، قىزىل تاۋاقگۈل، ئاق قىچا ئۇرۇقى، زىماله ئۇرۇقى، خۇرپە ئۇرۇقى، سۆرىنجان، قارنى يورۇق، قىزىل چاچكا، ئايغا باقار ئۇرۇقى، ئاقباش ئوت، چىلغوزا گاۋزىبان، سۇيزە، تەرتىز ئـۇرۇقى، ئـاق تاۋاقگۈل يىلتىزى، گۈلسۇرۇخ، قارابەدىيان بىر يـېـرىـم مسقالدىن، سېرىق ھەلىلە، كۆك ھەلىلە، قاراھەلىلە، بەلىلە، ئامىلە ئىككى مسقالدىن، زەپەر مسقال، قەنت ياكى شې-كەر يېرىم جىڭ. ئىككى ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، بىر مسقالدىن ئىككى مسقالغىچە ئىچكەي.

مەجۇنى كۇمۇنەنىڭ خاسىيىتى: مەيدىگە قۇۋۋەت بېرۇر. بەلغەمنى كېسەر، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلۇر. ئېغىز-دىن سۇ كەلگەننى يوق قىلۇر، قورساقتىكى يەللەرنى، بە-دەندىكى سېرىق سۇلارنى يوق قىلۇر، مىزاجىنى بىردەك قىلۇر. شەھۋەتنى زىيادە قىلۇر. ئىشتىھانى ئاچۇر، بەدەننى تەندۇرۇس قىلۇر.

مەجۇنى كۇمۇنىنىڭ دورىلىرى، بەدىيان، كەرەپـشـە، زەردەك ئۇرۇقى ئۈچ مسقالدىن، سېرىق دېۋىرقاي، قارا دېۋىرقاي، قوشقاچ تىلى ئۇرۇقى، قىزىل تاۋاقگۈل ئۇ-رۇقى، ئاق قىچا ئۇرۇقى، خەسيەلـۇ ئىلىپ، كـۆچـىـلا، چوگو ئىككى مسقالدىن، بازەنجى ھىندى، گاۋزىـبـان، ئەپتىمۇن، لاچىندانە، كەبابى چىن (كاۋاۋىچىن)، دارچىن قاسىرىقى، دارچىن ئۇرۇقى بىر يېرىم مسقالدىن، سۇنبۇل بىر مسقالدىن، چۆپچىن ئىككى مسقال، زەپەر بىر مـسـ-قال، جۇزە ئىككى مسقال، ئۇن سەر قەنت، بىر يېرىم جىڭ ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، خورەكگە بىر مسقالدىن ئىك-كى مسقالغىچە يېگەي.

خۇننىڭ بايانى. ئەگەر مەلۇم كىشىنىڭ بۇينىدىن دائىم خۇن كەلسە ئەنجۇرنىڭ قورۇقىنى، چۆپچـىـنـنـى تـۆت مسقالدىن، كونا دېۋىرقاي بىر يېرىم مسقال، شېكەر ئالتە مسقال، بۇلارنى تالقان قىلىپ كاپ ئەتسە ياخشى بولۇر. ئەگەر كىشىنىڭ پىشاۋى تۇتۇلسا، ھىزار ئىسفەنددىنى قاي-نىتىپ ئىسسىق ـ ئىسسىق دوۋسۇنىغا سۈرۈپ بەرسۇن، كىندىكنى ھەم يۇيۇپ بەرسە، تېز يوق بولۇر. ئاق سۇ-نەنى بەش مسقال، ئاتىغا جۇزنى قوشۇپ يېسە، مەيدە ئاغرىقى دەپئى بولۇر. ئەر كىشىنىڭ ئەرەنلىكنى زىيادە قىلۇر، كەرەپشە ئۇرۇقىنى شېكەر بىلەن ئىلەشتۈرۈپ يېسە شەھۋەتنى زىيادە قىلۇر، بەدەنگمۇ قۇۋۋەت بېرۇر. ھەممە ئاغرىقلارغا سىھھەتلىك كەلتۈرۇر.

ھىجامەتنىڭ بايانى ھىجامەتنى ئاينىڭ ئۇن يەتتە-سى، ئۇن توققۇزى، يىگىرمە بىرىنچى كۈنلىرى قويماق ئۇبداندۇر. ھىجامەت قويۇردا ئايەتلكۇرسىنى ئـوقـۇپ قويغاي. ئەگەر ناشتىدا ھىجامەت قويۇشنى زىيادە قىلۇر، كۈنلەردە، يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، پەيشەنبە كۈن-لەردە قويماق ئۇبدان، چارشەنبە، ئازىنە كۈنلىرى ھىجا-مەت قويمىسۇن. قوغاق يەرگە قويمىسۇن، ئۇنۇتقاق بو-لۇر، دەپتۇ. ئەگەر مەزلۇم كىشىنىڭ تۇغۇتى مـۇشـكـۇل بولسا، ئىككى تاپىنىغا ئىنەك پشتىنى ياقسا، ئاسان تۇغۇر، ئەگەر مەزلۇم كىشىنىڭ خۇنى بەستە بولسا، كۆكچاي بىلەن دارچىننى مۇقىم قاينىتىپ ئىچسە خۇن راۋان بولۇر. ئەگەر كىشىنىڭ بېلىگە يەل تۇرسە غول پىيازنىڭ غولىدىن تۆت ئىلىك قويۇپ، ئۇچىنى كېسىپ ئاشلاپ، تېتىغۇچـلـىـك سۇمۇق سېلىپ قاينىتىپ، ئاندىن كېيىن بىر پارچە بۆزنى شۇ سۇغا مەنىپ (چىلاپ)، ئىسسىق ـ ئىسسىق يـېـقـىـپ



MIRAS

بەرسۇن. ئاندىن پىيازنى ھەم شۇ يۇزگە يۆگەپ يېقىپ بەرسە، يەلنى پەست قىلىۇر، تولا ئەزمۇدىدۇر. ئەگەر كىشىنىڭ يېگەن تائامى سىڭمەي، مەيدىدە توختىماي يانسا، بوز بۇغىنى، كەھپە غۇنىنىڭ يىلتىزى، ئىگىر بۇ ئۈچ خىل دورىنى باراۋەر قىلىپ، ئازغىنە سۇ بىلەن ئىلەشتۇرۇپ يېمەك كېرەك. ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى ئاغرىپ ھېچ ۋەجى بىلەن ياخشى بولمىسا، تۆگىنىڭ يۇرىكىنى يېغى بىلەن ئىلەشتۇرۇپ ياقسا دەپئى بولۇر. ئەگەر كىشىنىڭ ئۇنى پۇتۇپ خىرقىراپ ئۇخلىيالمىسا، بىدارلىقى ئاز بولسا، چۆچۈكبۇيا يىلتىزىنى ئۈچ مىسقال يانجىپ، ئون دانە ئەنجۈرنى، بىر سەر قىزىل سايۋا ئۈزۈمنى بىر ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا، بىر سەر ئاق شېكەر سېلىپ ئىچسە، مەنپەئەت قىلىۇر. ئەگەر ئۈنىڭدا ياخشى بولمىسا، توخۇ تۇخۇمنى ئۆچكە سۇتىدە پىشۇرۇپ، ناشتىدا يېسە، ئۈنى ئېچىلۇر. ئەگەر كىشىگە سۆگەل چىقسا ئۈيىنىڭ ئۆتىنى چاپلىسا قۇرۇپ چۈشۈپ كېتەر، دەپتۇ. ئەگەر كىشىنىڭ كۆزىدىن دائىم ياش ئاقار بولسا، خورازنىڭ ئۆتىنى كۆزىگە سۈرمە قىلىپ تارتسا ياخشى بولۇر، ئەگەر كىشىنىڭ ئىچى لېيىپ، كۆڭلى قارارغان بولسا، خورازنىڭ ئىككى ئايىغى ۋە بېشىنى قاينىتىپ، ناشتىدا ئىچسە، كۆڭلى روشەن بولۇر. ئەگەر كىشىگە گۈل يارا چىقسا، چاكاندا مېۋىسىنى يېسۇن. تېشىدىن سېلىپ بەرسۇن ۋە سۇرۇپ بەرسۇن. ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى غۇبار بولغان بولسا، كەپتەر مەجىگىسىنىڭ قېنىنى قۇرۇتۇپ، ئۇن قىلىپ كۆزىگە تارتسا، ھەرگىز كۆزى غۇبار بولمىغاي. ئەگەر كىشىنى يىلان چاققان بولسا، ئۈيىنىڭ تېزىكى، ئۆتىنى يېغى بىلەن ئىلەشتۇرۇپ يىلان چاققان يەرگە ياقسا، زەھرىنى تارتىپ، دەردى ياخشى بولۇر. ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى ئاغرىسا، تۆگىنىڭ ئۆتىنى كۆزىگە سۈرسە ياخشى بولۇر. ئەگەر كىشى كېيىكنىڭ ئۆتىنى ناۋات بىلەن ئىلەشتۇرۇپ يېسە، يۆتەل دەپئى بولۇر. سېلىمساق يېسە بەلغەمنى كېسەر، مەيدىنى پاك قىلىۇر. ئەگەر كىشىنىڭ پىشاۋى تۇتۇلسا، بۇغىنىڭ قامچىسىنى، ئۈچىيى، زەردەكنى بىر قىلىپ پىشۇرۇپ يېسۇن، كەرەپشىنى قاينىتىپ ئىچسۇن. مارجانىنى مەجۇن بىلەن يېسە، پىشاۋى راۋان بولۇر ھەم قۇلۇنجىنى دەپئى قىلىۇر. ئەگەر كىشىنىڭ بېغىرى كۆيۈپ ئاغرىسا، تۆگىنىڭ ئۆپكىسىنى يېسە شىپا تاپقاي دەپتۇ.

سۇخار ئاغرىقنىڭ دورىلىرى: قەلەمپۇر، دارچىن، قارىمۇش، چاچكا، پىتپىتى ئىككى پۇڭدىن، قىزىل سىر ئىككى مىسقال، ھەسەل ئىككى سەر، سىماپ ئىككى مىسقال، ئۈزۈم ئىككى مىسقال، ئارپا تالقىنى ئىككى مىسقال، چىلان ئىككى مىسقال. ئاۋۋال سىماپنى چىلان ياكى كىشمىش ئۈزۈم بىلەن ئوبدان ئۆلتۈرۈپ، قارا پالچىق بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى دورىلارنى قوشۇپ يۇمشاق يانجىپ، ھەسەلگە ئىلەشتۇرۇپ مەجۇن قىلىپ، ھەر ئەتىدە يەتتە داندىن يېسۇن. بىر ـ ئىككى مەرتىۋە يېمەك بىلەن ساقلىق تاپۇر.

قۇندۇز قېرىنىڭ خاسىيتى: قۇندۇز قېرى بادەكەردە، بادەرەھىم، بادە قۇلۇنجلارنى دەپئى قىلىۇر. ئەگەر قۇندۇز قېرى بولمىغاندا، تۆمۈر تىكەننى ئوبدان پىشقان ۋاقتىدا ئېلىپ كۆلەڭگىدە قۇرۇتۇپ، يانجىپ، ئۇۋۇلاپ، يەنە كۆك پايزىنىڭ ئۈچىنى ئورۇۋېلىپ، ھاۋانچىغا سېلىپ، چالا يانجىپ، ئۆزىنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، يەتتە كۈن ئۆز سۈيىگە سىڭدۇرۇپ يېسە، قۇندۇز قېرىنىڭ خاسىيىتىنى بېرۇر. بۇنىڭغا يەتتە كۈن بولغاندىن كېيىن، بىر پاتمانغا بەش مىسقال ئاق چاچكا، تۆت دانە ھەلىلە، بەش مىسقال مەستىكى قوشۇپ، باراۋەر ھەسەلدە مەجۇن ياساپ يېگەي. پارپىنىڭ يۇز يىگىرمە خاسىيەتلىرى بار: پارپىنىڭ ئوبدىنى ھىندىستانىنىڭدۇر. ھىندى پارپىسىنىڭ رەڭگى قارا بولۇر. پارپا باھ قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىۇر. پارپىنى يېرىم پۇڭدىن يېرىم مىسقالغىچە شاراپ بىلەن ئىچۇر. ئادەمنى سېمىز قىلىۇر. ئادەمنىڭ بېشىدىن ـ ئايىقىغىچە، بىتامام ئىللەتلەرگە ۋە باشقا خىلمۇخىل ئىللەتلەرگە، قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدالارغا پايدا قىلىۇر. پارپا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. مىزاجى تولا لەتىپتۇر. ئەگەر تولا يەپ قويسا ئۇچەيدە جاراھەت پەيدا قىلىۇر. ئاز ـ ئاز يېسە خاسىيتى تولىدۇر. بۇزباغى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. رۇتۇبەتتىن بولغان ئىللەتلەرگە، ئەرقۇلنىسا، پالەچ، سەرئى ئىللەتلىرىگە قۇرۇق يېمەك زىيان قىلىۇر، ھەسەل بىلەن يېسە، ئىچسە تولا پايدا قىلىۇر. مەجۇنى پەلا سىفەنىڭ خاسىيتى: بۇنى مەجۇنى مادەتۇلھايات دەيمۇ ئاتايدۇ. ئادەمگە خۇشاللىق كەلتۈرۈر، ئىشتىھانى زىيادە قىلىۇر. ھەففەزنى زىيادە قىلىۇر، زېھننى ئۆتكۈر قىلىۇر. پالەچ، يەللەرنى يوق قىلىۇر، ئابى مەننى زىيادە قىلىۇر.

تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن، رىسالەت ھاپىز («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن)

# دوستلۇق ۋە بايلىق



ئامېرىكىلىق كاتتا بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئون ئوغلى بار ئىكەن. ئوغۇللار دادىسىنىڭ كەنجى ئىنىسى فرانكىغا ھەممىدىن بەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىكەن. ئوغۇللارنىڭ دادىسى ياشىنىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كىشى قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقتىن، ئون ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ. توققۇز ئوغۇل دادىسىنىڭ مىراس تەقسىملەپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلار دادىسىنىڭ كەنجى ئىنىسى فرانكىغا مىراسنى ھەممىدىن كۆپ تەقسىم قىلىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

دادىسى توققۇز ئوغۇلغا:

— سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا 1 مىليون دوللاردىن مىراس قالدۇردۇم! - دەپتۇ.

— ئارانلا 1 مىليون دوللارما؟ ئۇنداقتا قالغان مىراسنىڭ ھەممىسى فرانكىغا قالامدا؟

توققۇز ئوغۇل دادىسىغا گۇمانسىراپ قاراپ قويغاندىن كېيىن بىر چەتتە گەپ قىلماي جىم تۇرغان كەنجى ئىنىسى فرانكىغا ھۇمۇيۇشۇپتۇ.

دادىسى ئوغۇللىرىنىڭ سوئاللىرىغا پىسەنت قىلماستىن كەنجى ئوغلى فرانكىغا جېكىلەپتۇ:

— ئەمدى مېنىڭدە پەقەت 500 مىڭ دوللارلا قالدى، بۇنىڭدىن مېنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىم ئۈچۈن 300 مىڭ دوللار كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ساڭا پەقەت 200 مىڭ دوللار مىراس قالدۇرىدىغان بولدۇم، بىراق مېنىڭ يەنە ئون دوستۇم بار، ئۇلارنى ساڭا قالدۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدىم، ئۇلار پۇلدىنمۇ قىممەتلىك.

فرانكى ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەجەبلىنىپتۇ. بىراق، دادىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن توققۇز ئوغۇل كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ، «بولىدۇ دادا، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن» دېيىشىپ رازىلىق بېرىشىپتۇ، چۈنكى ئۇلار دادىسىنىڭ «دوستلۇق بايلىقتىنمۇ قىممەتلىك» دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەيدىكەن. كەنجى ئوغۇل فرانكىنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان بولسىمۇ، بىراق دادىسىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئاكىلىرىنىڭ سالا - سۇلىلىرى بىلەن باشقا گەپ قىلالماپتۇ.

دادا شۇنداق قىلىپ مال دۇنيالىرىنى ئون ئوغلىغا ئۈلۈشلۈك بۆلۈپ بېرىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادىسى ئۆزىنىڭ ئون نەپەر دوستىنى فرانكىغا بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ سودا شېرىكلىرى بولۇپ، باردى - كەلدى قىلىشىۋاتقىلى ئۇزاق يىللار بولغان قەدىناس دوستلىرى ئىكەن. دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فرانكى دادىسىنىڭ مىراس تەقسىملەشتىكى تەڭسىزلىكىدىن ئاغرىنىپ «دادام مېنى يەكلىگەندىن كېيىن بەربىر بولار ئىش بولدى، تاز بولساڭ گەدەنگچە دەپتىكەن، قولۇمدىكى پۇللارنى بولۇشىغا خەجلەۋەرمەمدىم» دەپ ئويلاپتۇ - دە، مىراس قالغان 200 مىڭ دوللارنىڭ پاختىسىنى ئۈچۈرۈۋېتىپتۇ. پۇللارنى خەجلەپ 1000 دوللار





قالغاندا فرانكى جىددىيلىشىپ قاپتۇ، قاقسەنەم بولاي دەپ قالغان فرانكى تەلىيىنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئازراق ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن نەيەتتە، قېپقالغان 1000 دوللارنى خەجلەپ دادىسىنىڭ ئون دوستىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ.

دادىسىنىڭ دوستلىرى فرانكى تەييارلىغان مەززىلىك تائاملىرىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ «بۇ ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىردىنبىر فرانكىلا بىزنى كۆڭلىدە ساقلاپ كېلىپتۇ، ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە يارىشا ئازراق ياردەم قولىمىزنى سۇنايلى»، دېيىشىپتۇ. ئۇلار فرانكىغا نەق پۇل بەرمەستىن ھەر بىرى بىردىن نەسىللىك بوغاز سىيىر بېرىپتۇ ھەم بۇ ئون سىيىر موزايلىغاندىن كېيىن موزايلارنى ساتقان پۇل بىلەن تىجارەت باشلاشنى تاپىلاپتۇ.

فرانكى دادىسىنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە موزايلارنى سېتىپ تاپقان پۇلنى دەسمايە قىلىپ، دادىسىنىڭ دوستلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشقا باشلاپتۇ. تىجارەت جەريانىدا دادىسىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە تىجارەت جەريانىدىكى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنىمۇ ئۆگىتىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سودىسى تازا روناق تېپىپ، مال ـ بېساتلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.

فرانكىنىڭ ئاكىلىرىمۇ دادىسىدىن مىراس قالغان 1 مىليون دوللارنى دەسمايە سېلىپ، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا تىجارەت باشلىغان ئىكەن، بىراق، ئۇلار دادىسىنىڭ سودا شېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، شۇنداقلا ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم يول تۇتقانلىقى، تىجارەت تەجرىبىسىنىڭ كەمچىللىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقىتى يۈرۈشمەي بىر ئىزدا توختاپ قاپتۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن فرانكىنىڭ ئىگىلىكى روناق تېپىپ ئاكىلىرىنىڭكىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۇ گۈللىنىۋېرىپ ئاخىر دادىسىدىنمۇ بەكرەك بېيىپ كېتىپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندىلا فرانكىنىڭ ئاكىلىرى دادىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىگە ئېيتقان «دوست پۇلدىنمۇ قەدىرلىك» دېگەن سۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

مانا بۇ فرانكى ئامېرىكىلىق داڭلىق باي فرانكى موۋىر ئىدى.

**قەيسەر ئابلىكىم** تەرجىمىسى

(ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى)

**مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتمىن**



# ئىما ـ ئىشارەت تىلىنىڭ بېشارەت بېرىش رولىدىن تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزگە نەزەر

تۇردى مۇھەممەد

ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق تاۋۇش ئىشلەتمەي پەقەت قول، بەدەن ھەرىكىتى، كۆز ۋە چىراي ئىپادىلىرى ئارقىلىق مەلۇم ئارىلىقتا ئۆزئارا ئىدىيە ۋە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان كۆكۆلدىكى ئەڭ نازۇك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشتە، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىشتا قوللانغان ۋاستە ۋە ئۇسۇل ئىما ـ ئىشارەت تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىما ـ ئىشارەت تىلى بولسا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، بېشارەت بېرىش ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

تاۋۇشلۇق تىل ئېغىزدىن چىقىدۇ، قۇلاققا كىرىدۇ. كىتابىي تىل يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، كىشلەر ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىدۇ.

ئىما ـ ئىشارەت تىلى بولسا كىشلەرنىڭ بەدەن ھەرىكىتى، تاشقى قىياپىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قارشى تەرەپ كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كۆڭلىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، تىل تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن تەرجىمان بولمىغان شارائىتتا، كىشلەر پىكىر ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە پۈتۈنلەي ئىما ـ ئىشارەت تىلىغا تايىنىدۇ. ئۇ كۆپىنچە تاۋۇشلۇق تىل بىلەن ئىپادىلىنىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا ياردەمچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كونكرېت شارائىتتا تاۋۇشلۇق تىلدىن مۇستەسنا ھالدا مۇستەقىل پىكىر ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

مەسىلەن: كىشلەرنىڭ قول ھەرىكىتى ۋە چىراي تۇرقىدىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىما ـ ئىشارت تىلىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش رولىدىن ئىبارەت.

ئىنسانلار ھېسسىياتقا باي بولۇپ، سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن خۇشاللىنىش، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، قورقۇش، سۆيۈنۈش، بىزار بولۇش، ئىشىنىشتەك تۈرلۈك ھېسسىياتلىرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىما ـ ئىشارەت تىلىنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلەش رولى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇرۇق ـ تۇغقان، ناتونۇش، دوست ـ دۈشمەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق نازۇك مۇناسىۋەتنى جانلىق تىل بىلەن ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىش قىيىنغا چۈشىمۇ، لېكىن ئۇنى كىشلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، ھەرىكىتى، كۆرۈنۈش شەكىللىرى ئارقىلىق بىر قەدەر ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ياش تۈرقى، ئىجتىمائىي ئورنى، جىنسى، سالاھىيتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىما ـ ئىشارەت تىلىدىمۇ مۇناسىپ ھالدىكى بەزى پەرق كۆرۈلىدۇ. ئەنە شۇ پەرقتىن كىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئادەتتە كىشىلەر ئۆزئارا ھېچقانداق پاراڭلاشماي تۇرۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ چىراي ئىپادىسى، قول ھەرىكىتى ياكى قوللانغان شەرتىنىڭ بەلگىسى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكى سىرلىرنى بىلىۋالىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىما ـ ئىشارەت تىلى ياكى تەقى ـ تۇرقى، قىياپىتى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىما ـ ئىشارەت تىلى ئارقىلىق كونكرېت ۋە بىۋاستە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنىڭ تاۋۇشسىز ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئالاھىدە شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرىنى، مۇددىئاسىنى بىۋاستە جانلىق تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىما ـ ئىشارەت تىلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: دەرس ۋاقتىدا مەلۇم ئوقۇغۇچى تولا ئەسنىسە، كۆزىنى تولا ئۇۋۇلىسا بۇ ھەرىكەتلەر شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەنلىكىدىن ياكى دەرس ئاڭلاشقا خۇش ياقمايۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

تۇرمۇشىمىزدا بىر خىل بېشارەت ئوخشىمىغان رايونلاردا ھەرخىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئوغۇل ـ قىزلار بىر ـ بىرسىگە ئاياغ سوۋغا قىلسا ئايرىلىپ كېتىشتىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەگەر قىزلار ئوغۇللارغا دوپپا سوۋغا قىلسا ئوغۇلنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەگەر بىرەر ئائىلىدە تۇغۇتلۇق ئايال بولسا بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئۈستىگە قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق بۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بار، دېگەندىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەگەر بىر جەمەت ئىچىدە بىرەر كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، شۇ جەمەتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يېقىن ـ يۇرۇقلىرى بېلىگە ئاق باغلاش، سەللە ئوراش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھازىدار ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. خەلقىمىز ئەنئەنىۋى مېھماندوست خەلق بولغاچقا، يۇقىرىقىدەك بېشارەت ئاملىرى مېھمان كۈتۈش پائالىيەتلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا چاينى تولدۇرۇپ قۇيۇشى ياكى يېرىم قۇيۇشى، ئۇنىڭ مېھمانغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. يەنى، چاينى پىيالىسىگە توشقۇزۇپ قۇيسا بۇ ساھىبخانىنىڭ مېھماننى ئۇزاق ۋە ياخشى كۈتىدىغانلىقىدىن، ئەكسىچە بولسا مېھماننى ئۇزاق كۈتەلمەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئەگەر ساھىبخان يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى مېھمانغا ئۇقتۇرالمىسا سائىتىگە پات ـ پات قاراش، كۆپ ئەسنەش، ئۆي تېمىغا ياكى ساپاغا يۆلىنىپ بېشىنى تاشلاش شەكلى ئارقىلىق مېھمانغا بولغان بىزارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ.

مېھمان بولسا ساھىبخان ئەكەلگەن تاماققا تويغان ياكى تويمىغانلىقىنى تاماق ئەكەلگەن قاچىنى ئوڭدا ياكى دۈمدا قويۇش ئارقىلىق بېشارەت بېرىدۇ. مېھمان قاچىنى ئوڭدا قويسا تويمىغانلىقىدىن، دۈم قويسا تويغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئاساسەن تەڭتۇشلار ئارا بولىدۇ.

يەنە خەلقىمىز ئارىسىدا يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتلىرىنى قايماق ياكى ھەسەل بىلەن ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان. ئۇنداق قىلىش ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ سىلىق، ياغلاش، تاتلىق، مۇلايىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بالىلىرىنى قەنت، شېكەر، تۇزغا ئوخشاش شىرنىلىك ۋە ئاچچىق نەرسىلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بالىلىرىنى تۇزلۇق، شورلۇق، قوپال، شىرنىلىك گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلار ئېغىزلاندۇرغۇچىنى تاللاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. خالىغان كىشىنىڭ ئېغىزلاندۇرۇشىغا يول قويمايدۇ.

ئەنئەنىۋى ئەمگەك ئىشلىرى بازىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ بازاردا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قارا ئىش قىلىپ جان باقىدىغانلارنىڭ بىر قىسىملىرى ئىشتىنىنىڭ بىر پۇشقىقىنى تۇرۇپ قويسا يەنە بىر قىسىملىرى ئىككى پۇشقىقىنى تۇرۇپ قويىدۇ. بىر پۇشقىقىنى تۇرۇپ قويغانلار ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشلەمچى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرسە، ئىككى پۇشقىقىنى تۇرۇپ قويغانلار دائىملىق ئىشلەمچى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇنداق بېشارەت ئاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس. بەلكى كونكرېت شارائىت ئاستىدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىدىكى ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشىدە خەلقىمىزنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن، قىممەت قارىشىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن ئىشلەمچىلەرنى «مەدىكار» دەپ مازاق قىلىشىدىن كېلىپ چىققان، دېمەك، يۇقىرىقى بېشارەت ئاملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم بىر رايوندىن تېپىلىشى ناتايىن، ئەمما بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە روشەن ئۇچرايدۇ.

بۇ خىل ئىشارەتلەر گەرچە خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى كىچىك تېرمىنلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىما ـ ئىشارەت تىلىنىڭ بېشارەت بېرىش رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، شۇنداقلا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئىما ـ ئىشارەت تىلى ئۈستىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار پەقەت تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنى فولكلور، ئىنسانشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# گۈلجامال

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر كەمبەغەل دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ دائىم نامىزىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىنى بايان قىلىدىكەن. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، بۇ دېھقاننىڭ خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ. دېھقان شۇ كۈندىن باشلاپ خۇشاللىقىدا كۈندە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم ئوۋغا چىقىپ ساياھەت قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ.

دېھقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ بىر تۈزلەڭدە كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغا بەش قاراقچى يولۇقۇپتۇ. قاراقچىلار دېھقاننى تۇتۇۋېلىپ: «جانىغا تۇرامسەن، مال ـ دۇنياغىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. دېھقان تۇغۇلغۇسى پەرزەنتى ئۈچۈن ئاران يىغقان نەرسىلىرىنى تۈگىتىۋېتىشتىن قورقۇپ «مال ـ مۈلۈككە تۇرىمەن» دەپتۇ. قاراقچىلار:

— سەن راست گەپ قىلىدىغان ساددا ئادەمدەك قىلىسەن، شۇڭا بىزگە سېنىڭ مال ـ دۇنيايىڭ كېرەك ئەمەس. سەن ئۆيۈڭدە بار بولغان مال ـ دۇنيالىرىڭنى دەپ باقىن، سەن دېمەي چۈشۈپ قالغانلىرى بىزنىڭ بولسۇن، ـ دەپتۇ. دېھقان ئۆيىدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى دەپ بېرىپتۇ. قاراقچىلار:

— سەن ئۆيۈڭدىكى بارلىق دۇنيالىرىڭنى دېدىڭ، لېكىن خوتۇنۇڭ ھامىلدار، ئۇنىڭ قورسىقىدا بىر پەرزەنت بار، سەن ئۇنى دېمىدىڭ، ئەمدى ئۇ بالا بىزگە تەئەللۇق بولدى، بالا 15 ياشقا كىرگەندە بىز ئېلىپ كېتىمىز، ـ دەپتۇ، دېھقان ئامالسىز ئۆزىنىڭ كەم ئەقىللىق قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، بالا 15 ياشقا كىرگەندە ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولۇپ مەيۈسلىنىپ ئۆيىگە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ۋاقتى ـ سائىتىدە بالا تۇغۇلۇپ، ئاي ـ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىمۇ ساغلام ئۆسۈپ 14 ياشقا كىرىپتۇ. لېكىن بالا چوڭ بولغانسېرى دېھقان چوڭقۇر غەم ـ قايغۇغا پېتىپ ئاش ـ تاماقتىن قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغلى ئەنسىرەپ دادىسىدىن:

— دادا، نېمە دەرد ـ ھەسرىتىڭىز بار؟ ـ دەپ سو-

راپتۇ. لېكىن دېھقان دەپ بەرمەپتۇ. بالىسى قايتا ـ قايتا سوراۋەرگەندىن كېيىن دېھقان ئوغلىغا بۇرۇن قاراقچىلار بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بېرىپ:

—سېنى قاراقچىلار كېلىپ ئېلىپ كېتىشكە يەنە بىر يىل قالدى، ئۇلار سېنى ئېلىپ كەتسە مەن يەنىلا پەرزەنتسىز قېلىشتىن ئەنسىرەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، ـ دەپتۇ. ئوغلى:

—دادا، سىز بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، مەن خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈم قاراقچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىشنى جۆندەپ كېلىمەن، ـ دەپتۇ.

ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتۈپ بالا 15 ياشقا توشۇپ قاراقچىلار كېلىدىغان مەزگىل يېتىپ كەپتۇ. ئوغۇل دادىسىغا:

—مەن قاراقچىلار كەلگۈچىلىك ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك، شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، ـ دەپتۇ.

دېھقان ئوغلىغا دۇئا بېرىپ ئاقىۋول تىلەپ يولغا ساپتۇ. بالا ئاتىسى بۇرۇن قاراقچىلار بىلەن ئۇچراشقان جايغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندە بىر سازلىقنىڭ يېنىدا بىر يالغۇز تام ئۆي ئۇچراپتۇ، يىگىت ئۆيگە كىرسە بىر قىز ئولتۇرغىدەك. قىز ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ بولۇپ:

—سىز نېمە ئادەم؟—دەپ سوراپتۇ. بالا ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ۋە نېمە سەۋەبلەر بىلەن بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىز:

—ئۇنداق بولسا سىز مېنىڭ دادامنىڭ خىزمىتىگە مېڭىپسىز، ئاقىۋول تىلەيمەن،—دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئوغۇل يەنە ئۈچ كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدىنقى كۈنى كۆرگەن سازلىققا ئوپمۇئوخشاش بىر سازلىق ۋە ئوپمۇ ئوخشاش بىر ئۆي ئۇچراپتۇ. بالا «بۇ نېمە ئىش، ئەجەبمۇ ئوخشاش ئىكەن؟» كىرىپ باقاي دېگەن نىيەتكە كېلىپ ئۆيگە كىرسە ھېلىقى قىز يەنە شۇ يەردە ئولتۇرغىدەك. قىز ئوغۇلدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا جاۋاب بېرىپتۇ، قىز ئۇنىڭغا تاماق بەرگەندىن كېيىن:

—سىز مېنىڭ دادامنىڭ خىزمىتىگە مېڭىپسىز، ئاقىۋول بولسۇن،—دەپتۇ. ئوغۇل بۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەنلىكىنى ئېيتىش نىيىتىگە كەپتۇ ـ يۇ، لېكىن دېمەپتۇ. ئۇ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر ئوخشاش سازلىقنىڭ ياقىسىدا يەنە شۇنداق بىر ئۆيگە ئۇچراپتۇ. «مەن بۇ ئۆيگە كىرسەم مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم كىرگەن بولىمەن، كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ «كىرىپ كۆرەي» دەپتۇ ـ دە، ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۇنى ئالدىنقى ئىككى قېتىم كۆرگەن قىزغا ئوپمۇ ئوخشاش بىر قىز خۇشال قارشى ئاپتۇ، چاي ـ پاي بېرىپ ئولتۇرۇپ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئوغۇل كېلىش مەقسىتىنى دەپ بولۇپ:

—ئەگەر مەن بارمايدىغان بولسام ئۇلار ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، شۇڭا ماڭدىم، ـ دەپتۇ. قىز:

—سىز دادامنىڭ خىزمىتىگە مېڭىپسىز، ئاقىۋول بولسۇن، ـ دەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. لېكىن ئوغۇل ئىشىككە بارغاندا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ:

—مەن ئۆيدىن چىققىلى توققۇز كۈن بولدى، مۇشۇ جەرياندا مۇشۇنداق ئۆيگە ئۈچ قېتىم كىردىم ۋە سىزدەك قىزنىڭ ئۈچىنىڭ قولىدا چاي ئىچتىم. مەن زادى بىر ئۆيگە كىردىممۇ ياكى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيمۇ بىلمىدىم، سىز بۇنى بىلەمسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ. قىز:

—سىزنىڭ كىرگەن ئۆيلىرىڭىز بىر ئەمەس. بىرىنچى قېتىم كىرگەن ئۆيىڭىز مېنىڭ چوڭ ئاچامنىڭ ئۆيى، ئىككىنچى قېتىم كىرگەن ئۆيىڭىز ئوتتۇرانچى ئاچامنىڭ ئۆيى، ئۈچىنچى قېتىم كىرگىنىڭىز مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ. مېنىڭ ئىسمىم گۈلجامال. مەن دادامنىڭ كەنجى قىزى بولىمەن. سىز بەكمۇ قىيىن بىر ئىشقا بەل باغلاپسىز. دادام بولسا بىر دىۋە، ئۇ سىزگە ئۈچ ئىشنى ئورۇنلاشنى ئېيتىدۇ. بىرىنچى ئىش: ئېغىلدا بىر ئات بار، شۇنى سۇغىرىپ كېلىش، ئىككىنچى ئىش: چوڭقۇرلۇقى 50 غولاچ، كەڭلىكى 100 غولاچ بىر دەرياغا ياغاچ ئىشلەتمەي كۆۋرۈك سېلىش، ئۈچىنچى ئىش: ئاچا ـ سىڭىل ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدىن مېنى تونۇپ بېرىش، ـ دەپتۇ. بالا:

—كۆۋرۈكنى ياغاچ ئىشلەتمەي قانداق ياسىغىلى بولىدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ھەيران بولۇپ. قىز:

—مەن چېچىمدىن بىر قانچە تالنى بېرىمەن، سىز دادامدىن ئىشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنلا «ياگۈلجامال» دەپ بۇ چاچتىن تۆتنى ئوتقا سالسىڭىز، مەن ھازىر بولىمەن. شۇ چاغدا ئامالىنى مەن دەپ بېرىمەن،—دەپتۇ.

ئوغۇل دىۋىنىڭ ماكانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە دىۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. دىۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ، ئوغۇل كەلگەن ئىشنى

ئېنىقى بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. دېۋە ئوغۇلغا:

—سەن ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ كېتىپسەن، ئوبدان ئۇزۇقلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئارام ئالغىن. ئۈچ كۈندىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمغا كىر، مەن ساڭا تاپشۇرىدىغان ئىش بار،—دەپتۇ. ئوغۇل تۈرلۈك - تۈرلۈك ياخشى تاماقلار بىلەن ئۇزۇقلىنىپ ئۈچ كۈن ئارام ئاپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئوغۇل دېۋىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. دېۋە:

—ساڭا تاپشۇرۇلىدىغان بىرىنچى ئىش: ئېغىلدا زەنجىر بىلەن باغلاقلىق بىر قارا ئايغىر بار، شۇنى ئاپىرىپ سۇغىرىپ كېلىسەن،—دەپتۇ. ئوغۇل پىنھان جايغا بېرىپ گۈلجامالنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپتىكەن، گۈلجامال شۇ ھامان پەيدا بوپتۇ ۋە «نېمە ئىش؟»دەپ سوراپتۇ.

—بىرىنچى ئىش، سىز دېگەندەك ئاتنى سۇغىرىپ كېلىش ئىكەن،—دەپتۇ. قىز ئوغۇلغا:

—ئۇ ئات ئەمەس دېۋە، ئۇ ئاتامنىڭ ئۆزى بولىدۇ. سىز ئېغىلغا يېقىن بارغۇچە ئات باغلانغان زەنجىر شىپپىدە ئېرىپ بولىدۇ - دە، بوشانغان ئات سىزگە ئېتىلىدۇ. سىز چاققانلىق بىلەن ئېغىلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىسىڭىز بىر پولات كالتەك بار، ئۇ كالتەكنى قولىڭىزغا ئېلىپلا ياخۇدانىڭ ئەمرى، يا گۈلجامال، دەپ ئاتنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئۇرسىز، جايغا تەگكۈزەلىسىڭىز ئات ئېغىلنىڭ بۇلۇڭىغا ئۇچۇپ بېرىپ يىقىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاتنى يېشىپ سۇغىرىپ كەلسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر دەل جايغا ئۇرالمىسىڭىز، ئۆزىڭىز يوقىلىسىز، - دەپتۇ.

ئوغۇل ئاتنىڭ قېشىغا بارسا ئات دېگەندەك ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئۇ گۈلجامالنىڭ دېگىنى بويىچە كالتەكنى ئاتنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئۇرغانىكەن، ئات شۇ ھامان يىقىلىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئاتنى دەرياغا يېتىلەپ بېرىپ سۇغىرىپ كەپتۇ - دە، دېۋىنىڭ ئالدىغا كىرىپ بىرىنچى ئىشنىڭ ئورۇنلانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دېۋە:

—بۇ ئىشنى ئوبدان ئورۇنلاپسەن. يەنە ئۈچ كۈن ئارام ئالسەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە مېنىڭ ئالدىمغا كىر، - دەپتۇ. ئوغۇل يەنە ئۈچ كۈن ياخشى ئارام ئېلىپ ئاندىن سەھەر تۇرۇپ دېۋىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. دېۋە:

—ئىككىنچى ئىش، چوڭقۇرلۇقى 50 غولاچ، كەڭلىكى 100 غولاچ كېلىدىغان بىر دەريا بار، شۇنىڭغا ئۈچ كۈن ئىچىدە كۆۋرۈك سالىسەن، لېكىن بۇ كۆۋرۈككە ياغاچ ھەم باشقا ھېچقانداق نەرسە ئىشلەتمەيسەن، - دەپتۇ. ئوغۇل دەريا ياقىسىغا بېرىپ يەنە گۈلجامالنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. گۈلجامال دەرھال ھازىر بولۇپ:

—خاتىرجەم بولۇڭ، سىز ئۈچىنچى كۈنى دېگەرگىچە دەريا ياقىسىدىن قوپماستىن قاراپ ئولتۇرۇڭ. مەن ئۈچىنچى كۈنى دېگەر ۋاقتى بىلەن كېلىمەن، ئاندىن كۆۋرۈكنى سالىمىز،—دەپتۇ. ئوغۇل دېگەندەك ئۈچىنچى كۈنى دېگەرگىچە ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت توشاي دېگەندە گۈلجامال كەپتۇ - دە، ئوغۇلغا:

—سىز بېرىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ماڭا قاراپ ئولتۇرىسىز. كۆۋرۈك پۈتكەندە كەلسىڭىز،—دەپتۇ - دە، ئوغۇلنى ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئۆزى يەتتە تال چېۋىقنى ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ - دە، دەرياغا تاشلاپتۇ. شۇ ھامان بۇ دەرياغا ھېچقانداق نەرسە ئىشلەتمىگەن ئېسىل بىر كۆۋرۈك پەيدا بوپتۇ. ئوغۇل قايتىپ دېۋىگە بۇ ئىشنىڭمۇ ئورۇندالغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. دېۋە:

—بۇ ئىشنىمۇ ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپسەن. ئەمدى ئۈچىنچى ئىشنى تاپشۇرغىچىلىك ئارىلىقتا يەنە ئۈچ كۈن ئارام ئالىسەن، - دەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئوغۇل دېۋىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. دېۋە:

—ئۈچىنچى ئىش، مېنىڭ ئۈچ قىزىم بار، ئۇلارنىڭ ھۆسن جامالى، بوي - تۇرقى بىر - بىرسىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. مەن بۇ قىزلارنى چاقىرتىپ ئالدىڭدا تۇرغۇزۇپ قويىمەن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلجامال ئاتلىق قىزىمنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ بېرەلمىسەڭ ئۆلتۈرىمەن، - دەپتۇ. ئوغۇل دەرھال ھۇجرىسىغا قايتىپ گۈلجامالنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. گۈلجامال ھازىر بوپتۇ - دە، ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ ئوغۇلغا قاراپ:

—بىز ئۈچىمىزنى قاتار قىلىپ قويسا سىز ھەرگىزمۇ تونۇيالمايسىز. بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى، ئالدىمىزدىن قاراپ پەرقلەندۈرەلمىگەندىن كېيىن «ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ قاراپ باقسام»دەپ ئاتامدىن سوراڭ، ئاتام قوشۇلسا ئارقىمىزغا ئۆتۈپ پۇتىمىزنىڭ تاپىنىغا قاراڭ، مەن تاپىنىمنى بىلىنەر - بىلىنمەس يۆتكەيمەن، شۇ چاغدا مېنى مۇشۇ گۈلجامال بولىدۇ، دەڭ،—دەپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ قىزنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، لېكىن يىگىت ئۇلارنىڭ قايسىسى گۈلجامال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەپتۇ - دە، دېۋىدىن ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ قاراپ بېقىشنى سوراپتۇ. دېۋە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن تاپانغا قارىسا، ئوتتۇرىدا تۇرغان قىز تاپىنىنى

بىر ئاز مىدىرلىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغۇل ئۇنى تونۇۋېلىپ، «گۈلجامال مۇشۇ ئوتتۇرىدىكى قىز بولسا كېرەك» دەپتۇ. دىۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ كۆرۈپ بۇ بالىنىڭ بۇ ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىشى ئەسلىدە گۈلجامالنىڭ كۆرسەتمىسى دەپ بىلىپتۇ ـ دە:

ــ ھەر ئىككىسىنى بىر داشقازانغا سېلىپ تۈۋاقنى يېپىپ ئۈستىگە يوغان تاش باستۇرۇپ، 40 كېچە ـ كۈندۈز ئوت قالاڭلار، ئاندىن بۇلارنىڭ گۆشىنى يەيمىز ــ دەپتۇ. خىزمەتكار دىۋىلەر بۇلارنى قازانغا تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا قىز ئوغۇلدىن:

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، ئوغۇل:

ــ بۇ ئىشلارغا مېنىڭ ھېچقانداق ئامالىم يوق، سىز بىرەر ئەقىل ـ كۆرسەتسىڭىز؟ ــ دەپتۇ. قىز:

ــ مەن بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن، لېكىن سىز ماڭا ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك، قاچقاندىن كېيىن ھەرگىز تۇتۇلۇپ قالماسلىقىمىز لازىم، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساقلا ئاتام بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ــ دەپتۇ. ئوغۇل:

ــ بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلىسەكلا مەن سىزگە ئىگە بولىمەن، ــ دەپتۇ. قىزنىڭ بىر ئەپسۇنى بىلەن ئىككىسى چۈمۈلىگە ئايلىنىپ قازاندىن چىقىپ قېچىپ كېتىپتۇ. 40 كۈن ئۆتكەندە دىۋە چوڭ ئىشتىھا بىلەن قازاننى ئاچتۇرۇپ كۆرسە ئۇلار يوق. دىۋە غەزەپكە كېلىپ:

ــ بۇلار قېچىپتۇ ئەمەسمۇ؟ نەدە بولسا دەرھال قوغلاپ تۇتۇپ كەلتۈرگىن، ــ دەپ قىزنىڭ چوڭ ئاكىسىنى بۇيرۇپتۇ. چوڭ ئاكىسى ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۇلارنى ئىزدەپتۇ. گۈلجامالنىڭ كۆڭلى تۇيۇپتۇ ـ دە، يىگىتكە:

ــ ھازىر دادام چوڭ ئاكامنى بىزنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئۇ يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپتۇ. يىگىت:

ــ ئۆزىڭىز بىر ئىش قىلىڭ، ــ دەپتۇ. قىز دەرھال ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنى بىر تۈپ قوغۇننىڭ پىلىكىگە، يىگىتنى بىر تال قوغۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاكىسى كېلىپ قوغۇن پىلىكىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئىزدەپ تاپالماي يېنىپ كېتىپتۇ. دىۋە بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ:

ــ سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە زادى نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ ـ دەپتۇ. گۈلجامالنىڭ ئاكىسى:

ــ مەن ئىزدەپ ئۈچىنچى كۈنى بىر تۈپ قوغۇننىڭ پىلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئەمدىلا چۈشكەن بىرخەمەكنى كۆردۈم، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە كۆرمىدىم، ـ دەپتۇ. دىۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ھەي ئەخمەق، ئۇ پىلەك بىلەن خەمەك دەل ئۇلار ئىككىسى ئەمەسمۇ. ئۇلارنى نېمىشقا ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ سەن كارغا كەلمەيدىكەنسەن، ــ دەپتۇ ـ دە، ئىككىنچى ئاكىسىنى بۇيرۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى قۇشقا ئايلىنىپ ئۇلارنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بۇنى سەزگەن گۈلجامال:

ــ ئىككىنچى ئاكام كېلىۋاتىدۇ قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپتۇ. يىگىت:

ــ مەندە ئامال يوق، سىز چارە تاپسىڭىز، ـ دەپتۇ. قىز:

ــ ئۇنداق بولسا مەن بىر ئانا ـ بالا قويغا ئايلىنىپ، سىزنى 90 ياشلىق بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويىمەن. ئاكام كېلىپ سىزدىن «ئادەم كۆردۈڭمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورىغانغا قەدەر گەپ قىلمايسىز. ئۈچىنچى قېتىم گاس ئادەمدەك ئۈنلۈك ئاۋازدا «نېمە دەيسەن؟» دەپ توۋلايسىز، ئاكام يەنە سورايدۇ. شۇ چاغدا سىز: «مەن بۇ جاڭگالدا يالغۇز ئۆتكىلى 80 يىل بولدى، لېكىن مۇشۇ ياشقىچە باشقا بىرەر ئادەم كۆرگىنىم يوق، بۈگۈن سىنى كۆرۈپ گەپلەشكىدەك ئادەم تېپىلغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن. كەل، ئولتۇر، بىردەم مۇڭدىشايلى» دەيسىز. ئاندىن كېيىن، ئۇ گەپ سورىسا سىز باشقا گەپ بىلەن جاۋاب بېرىسىز. ئاخىر ئۇ سىزنىڭ پاڭ ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ ـ دە، ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنى ئانا ـ بالا قويغا، يىگىتنى 90 ياشلىق بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. دىۋىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ قوي يېتىلەپ يۈرگەن بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئۇ دەرھال ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ يېقىن كەپتۇ ۋە بوۋايدىن:

ــ ئادەم كۆردۈڭمۇ؟ ــ دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتۇ. بوۋايدىن زۇۋان چىقماپتۇ. تۆتىنچى قېتىم سورىغاندا:

ــ ئادەم كۆرگىنىم يوق، پەقەت سېنى كۆرۈۋاتىمەن، كەل، سۆزلىشەيلى، ـ دەپتۇ. دىۋىنىڭ ئوغلى:

ــ مەن سەندىن بىر يىگىت ۋە بىر قىزنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىنى سوراۋاتىمەن، ـ دەپتۇ. بوۋاي:

ــ مەن بۇ يەردە تەنھا ئۆتكىلى 80 يىل بولدى، ئۆيلەنمىدىم، ھازىر قېرىپ كەتتىم. ئۆيلەنگۈممۇ يوق، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋىنىڭ ئوغلى خاپا بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. چوڭ دىۋىگە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ

بېرىپتۇ. دىۋە خاپا بولۇپ:
—ئىزدىگىنىڭ شۇ قوي بىلەن بوۋاينىڭ ئۆزى ئە-
مەسمۇ؟ نېمىشقا شۇلارنى ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ زادى ئۆزۈم
بارمىسام بولمايدىكەن،—دەپ ئۆزى يولغا چىقىپتۇ.
گۈلجامال يىگىتكە:
—ئەمدى دادامنىڭ ئۆزى كېلىۋاتىدۇ. دادام بەك يا-
مان، قانداق قىلارمىز؟—دەپتىكەن. يىگىت:
—مەندە باشقا چارە يوق، يەنە ئۆزىڭىز بىر ئامال
قىلىڭ،- دەپتۇ. قىز دەرھال ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنى بىر
كۆلگە، ئوغۇلنى كۆلدىكى بىر بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قو-
يۇپتۇ. بۇ چاغدا دىۋە كېلىپ ئەھۋالنى بىلىپ قاپتۇ - دە،
دەرھال قارۇنغا ① ئايلىنىپ بېلىققا ئېتىلىپتۇ. بېلىقنى
تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا، قىز دەرھال بىر مۈشۈككە ئاي-
لىنىپ قارۇننى تۇتۇپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قىز بىلەن
يىگىت ئۆز ئەسلىگە كېلىپ يىگىتنىڭ يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.
ئۇلار يىگىتنىڭ يۇرتىغا يېقىنلىشىپ يېرىم كۈنلۈك
يول قالغاندا ئۆزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكسىز، قىپيالىڭاچ
تۇرغانلىقىنى سېزىپ، بۇ ھالەتتە مەھەللىگە كىرىشكە
بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. گۈلجامال:
—مەن سىزنى ئاتامنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزدۇم. لېكىن
بۇ ھالەتتە ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرگىلى بولماس،
بىر ئامال قىلسىڭىز،—دەپتىكەن، يىگىت:
—ئۇنداقتا قارىغۇ چۈشكىچە تەخىر قىلايلى، كەچتە
مەن ئۆيگە بېرىپ كىيىم - كېچەك ئېلىپ كېلەي،—دەپتۇ.
قىز:
—بولىدۇ، لېكىن ئۆيىڭىزگە بارغاندا مېنى ئۇنتۇپ
قېلىپ يۈرمەڭ،—دەپ تاپىلاپتۇ. يىگىت كەچتە گۈلجا-
مالنى ئۇنتۇماسقا قەسەم ئىچىپ، مەھەللىگە يۈرۈپ كېتىپ-
تۇ. دەل بۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئاتىسى «ئوغلۇم چوقۇم
قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن ئۈمىدتە يېزىدىن بىر كىشىنىڭ
قىزىغا چاي ئىچۈرۈپ، ئوغلىنىڭ پىچاق - چاقماقلىرىغا
پاتىھە ئوقۇتۇپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن. ئو-
غۇل بۇ مەرىكىنى كۆرۈپ گۈلجامالنى ئۇنتۇپتۇ - دە،
توي ئويۇناشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى توي
تارقاپ، تەكتۇشلىرىدىن بىرسى:
—شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان سىرتقا چىقىپ
كېتىپ نېمە ئىشلارنى قىلىپ كەلدىڭ، دەپ بەرمەم-
سەن؟ - دەپتىكەن، يىگىت بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ
كېلىپ، گۈلجامالنى ئەسكە ئاپتۇ - دە، توختاپ قاپتۇ. يە-
گىت ئاتىسى يېڭى كېلىن ئۈچۈن ئېلىپ قويغان تويلۇق
كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ ھېچنېمىگە قارىماستىن گۈل-
جامالنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. ئۇ گۈلجامال قالغان جايغا بارسا،
گۈلجامال يوق، بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. يىگىت ئۇنىڭدىن:
—موما، بۇ ئەتراپتا بىر قىز ئۇچقاشمىدىمۇ؟—دەپ
سوراپتۇ. موماي:
—كۆردۈم، ئوغلۇم، ئۇ ھېلىراقتا چۆل تەرەپكە قاراپ
كەتتى، لېكىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقمىدىم،—دەپتۇ.
يىگىت ھەسرەت ئىچىدە غەمگە پېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ
كۈنگىچە كەلمەي گۈلجامال ئالدىدا چوڭ سەۋەنلىك
ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئويلاپ، شۇ ھامان مومايغا قاراپ:
—ۋاي گۈلجامال پەرىشتەم ئېيتقىنا، بۇ سەنمۇ،-
دەپ ئۆزىنى مومايغا ئېتىپتۇ. موماي شۇئان گۈلجامال
سۈرىتىگە قايتىپ يىگىتنى ئەپۇ قىپتۇ. يىگىت گۈلجامالنى
باشلاپ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ۋە گۈلجا-
مالنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاتىسىغا:
—مەن سەن ئېلىپ بەرگەن خوتۇننى ئەمرىمگە ئال-
مايمەن. مېنىڭ باشلاپ كەلگەن جورام بار،—دەپتۇ. ئا-
تىسى ئېلىپ بەرگەن خوتۇننى تالاق قىلىپ، گۈلجامال
بىلەن قايتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن باش-
لاپ ھېلىقى دېھقاننىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنىدىن تەلىيى كې-
لىپ، ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرۈپ، بەختلىك ياشاپتۇ.

① قارۇنا—بېلىق ئالغۇچىنىڭ بىر تۈرى. گۆشى ئىنتايىن ئاچچىق.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

## ئاپتورلار سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇ-
نىڭدىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق
بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي
ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە
ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى،
شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆ-
زى ساقلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەسەر قايتۇ-
رۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى




2005.6

# ئۇيغۇر «چايخانا»سى ئەنگلىيىدە

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە مەن چايخانىلارغا دائىم دېگۈدەك كىرىپ تۇراتتىم. بولۇپمۇ بىر قانچە دوست ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن كىرگەندە ئۇ يەرنىڭ چېيىنى ئىچكەچ كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشىپ كۆڭۈل ئېچىپ چىقاتتىم. ئەينى چاغلاردا قەشقەر شەھىرىدىكى چايخانىلار 20 ـ ، 30 جايدا بولۇپ، ئەنجان رەستىسى، ھېيتگاھ ئۆپچۆرى، ئۆستەڭ بويى، ئوردا ئالدى، نۇر بېشى، چاسا، يارباغ، تۆشۈك دەرۋازا، قۇم دەرۋازىلاردىن ئىبارەت شەھەر مەركىزىگە جايلاشقانىدى. بۇ چايخانىلارنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس، بەزىلىرى چوڭراق ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئەدى. ئىشىك ئالدى مەھراسى قوشۇلغاندا بىر قېتىمدا ئاز دېگەندىمۇ 50 ـ 60 ئادەمنى كۆتەلەيتتى. چاي چوڭ قازاندا ئوتتۇن قالاپ قاينىتىلىپ، ئاندىن كىچىك چەينەكلەرگە قۇيۇلۇپ، ئوچاق ئالدىدىكى قىپقىزىل چوغدا دەملىنەتتى. چەينەكلەر چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلاتتى. چوڭ چەينەك چاي ئىككى مو، كىچىك چەينەك چاي بىر مو ئىدى. بەزى چايخانىلاردا ئانچە ـ مۇنچە شورپىمۇ سېلىناتتى. «نورمىلىق» چاغ بولغاچقا، كىشىلەر يەيدىغان نانلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىشەتتى. بەزىدە ئادەم ـ مۇنچە يوشۇرۇن ھالدا نانمۇ سېتىلاتتى. چايخانا ئىچى كۆپىنچە سۇپا چىقىرىلغان ياكى كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە گىلەم ياكى پالاس سېلىنىپ، كىشىلەر شۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشەتتى. بۇ چايخانىلارنىڭ نامى كۆپىنچە مەلۇم بىر كىشىنىڭ نامىدا ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر پۇستانى ھاجىمنىڭ چايخا-

نىسى، پۈستانە ئاخۇننىڭ چايخانىسى، پۈستانە ئىشاننىڭ
چايخانىسى دېيىشەتتى. ئەينى چاغدا قەشقەردىكى چاي-
خانىلاردىكى چاي ساماۋەرلەردە دەملەنگەنلىكى ئۈچۈن
«ساماۋەرخانا» دەپ ئاتىلاتتى، كېيىنچە ئۇنداق ساما-
ۋەرلەر كۆپ بولمىغاچقا، چاي قازاندا قاينىتىلىپ «چاي-
خانا» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 60 ـ يىللاردىن 90 ـ
يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەردىكى چايخانىلار خېلىلا ئا-
ۋاتلاشقان بولسىمۇ، 90 ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە
دۇكانلارنىڭ ئىجارىسى ئۆسۈپ چايخانىلار 20 پۇڭغا بىر
چەينەك چاي ساتسا، زىيان چىقىش گىردابىغا يېتىپ قې-
لىپ، بىر مۇنچىلىرى تاقىلىشقا باشلىغان. هازىر قەش-
قەردىكى چايخانىلاردا بۇرۇنقىدەك ئۇنداق كەيپىياتلارنى
تېپىش قىيىن، بەزى چايخانىلار «پۇل تېپىش»نى ئا-
ساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، خېرىدارلارنىڭ بەش مولۇق
چاينى ئىچىپ دۇكاندا نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇشىنى
خالىمايدۇ. بۇرۇنقىدەك خېرىدار قاچان ماڭغاندا دۇكاننى
تاقايدىغان ئەھۋاللار ناهايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئەينى چاغدىكى قەشقەر شەھىرىدىكى چايخانىلار پە-
قەت چاي ئىچىش سورۇنىلا ئەمەس، بەلكى بىر كۆڭۈل
ئېچىش سورۇنى ئىدى. كۆپىنچە بۇ يەرگە كىرگەنلەر
تۆت ـ بەش دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كىرىشەتتى.
چوڭى 70 ـ 80 ياشلىق بوۋايلار، ياشراقى 15 ـ 20 ياشلار
چامىسىدىكى يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە ئىشتىن
چۈشۈپ، ئۆيدە كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولۇپ، بولسا
نامازشام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، نامازشام بىلەن خۇپتەن
ئارىلىقىدا كىرىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەر بىر چايخانىدا بىر ـ
ئىككى سازەندە ناخشىچى هاپىزلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بە-
زىلىرى ئەتىگەندىن كېچىگىچە ناخشا ـ ساز قىلىشاتتى.
كۆپىنچە مۇقاملاردىن ئارىيە، شۇنىڭدەك قەشقەر خەلق
ناخشا ـ ئاھاڭلىرىنى تاللاپ ئورۇندايتتى. مېنىڭ ئېسىمدە
قېلىشىچە، 70 ـ يىللاردا قەشقەر شەھىرىدىكى «ئۆستەڭ
بويى چايخانا» سىدا «ئابلىز قارىم» ئىسىملىك 50 ياشلار
چامىسىدىكى كۆزى ئەما بىر كىشى بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ
قۇلىقى ناهايىتى ئىتتىك ئىدى. ئادەتتە كىشىلەر چايخانىغا
كىرىپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئابلىز قارىم» دېسىلا قارىم
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىلە
پۈستانى ئاخۇنغۇ ياكى پۈستانى هاجىمغۇ» دەيتتى. بۇ
كىشى دۇتار بىلەن ناخشىنى بىر باشلىسا ئىككى ـ ئۈچ
سائەت ئۇلاپ ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چايخانىدىكە-
لەرنىڭ بەزىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمىسىمۇ ئۆزئارا
قىزغىن چاقچاق، سۆھبەت قىلىشاتتى. مانا مۇشۇنداق
كەيپىيات چايخانىغا كىرگەن هەممە ئادەمنىڭ روهىنى كۆ-
تۈرۈپ، خىلمۇخىل خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا
خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى. ئادەتتە «ساماۋەر»، «چايخا-
نا»لار كەچ تەرەپتە بەكرەك قىزىيتتى. چايخانا ئىگىلە-
رىمۇ خېرىدارلارنىڭ قانچە ئۇزاق ئولتۇرۇشى بىلەن كارى
بولمايتتى، پۇلنى هازىرقىدەك بەك مۇهىم ئورۇنغا قويۇ-
ۋالمايتتى. ئەينى چاغدىكى بۇ چايخانىلارغا قىزىقچى،
قوشاقچى، يۇمۇرچى، گەپتان كىشىلەر كۆپ كىرىشەتتى.
ئۇلار مۇشۇ سورۇندا ئۆزىنىڭ يۇمۇرىستىك گەپ ـ
سۆزلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئادەم بولۇش تەربىيىسىنى
بىلىندۇرمەي سىڭدۈرەتتى. هايات دېگەن نېمە؟ ئادەم
دېگەن نېمە؟ قانداق ياشاش كېرەك؟ هەقىقىي ئەركەك
قانداق بولۇش كېرەك؟ دېگەن تېمىلاردا ئارىستوتىل،
ئەپلاتون، نەۋايى، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ئالىم-
لارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، هازىرقى بو-
لۇۋاتقان ئىشلارغا، كۈندىلىك تۇرمۇشقا جاۋاب بېرەتتى.
ئادەم بولۇشتىكى ئېسىل پەزىلەتلەر ـ سەممىيلىك،
راستچىللىق، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، مەغرۇر، ئوچۇق
كۆڭۈل، كەڭ قورساقلىق قاتارلىق ئەخلاقلار مەدھىيلە-
نىپ، ئەكسىچە بولغان ناچار خاهىشلار كەمسىتىلىپ قاە-
چىلىناتتى. مانا مۇشۇنداق چايخانىلاردا چاي ئىچىپ
سۇقا ـ سۆھبەتلەرگە نائىل بولغان ياشلار خېلى بۇرۇنلا
«ئادەم بولۇش»نىڭ ئېپىنى تېپىۋېلىشاتتى. «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەكتەپلەردە دەرس توختاپ
قالغاچقا، ياشلار هەممىمىز دېگۈدەك شۇ چايخانىلارغا
يىغىلىشىپ، ئىچ ـ پۇشقىمىزنى چىقارغاچ، يۇقىرىقى
تەربىيىگە ئىگە بولاتتۇق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قەشقەردىكى بۇ چايخانىلار بىر
ئۈچۈر دۇنياسى ئىدى. بۇ چايخانىلاردا چاي ئىچكەچ
ئۆزئارا مۇڭدىشىش، هال ـ ئەهۋال سورىشىش، چوڭراقى
خەلقئارا مەسىلىلەر، كىچىكرەكى نۆۋەتتىكى قەشقەر شە-

ھېرىدە خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا پاراڭلار بولاتتى. «پۇستانى يەردە مۇشۇنداق ئىش بار ئىكەن، كۈنلۈكى مانچە پۇل ئىكەن»، «پۇستانى يەرگە مۇنداق كاسىپ ـ ئۇستام لازىم ئىكەن» ياكى «بىرسىنىڭ ئۆيىنى ساتىدىكەن، بىرسى ئۆي ئالـــىدىكەن» دېگەندەك سودا ـ سېتىق پاراڭلىرى، بەزىدە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرى توغرۇلۇقمۇ مەسلىھەتلەر بولۇپ تۇراتتى. قىسقىسى، چايخانا بىر ئۇچۇر مەركىزى بولۇپ، ئۇلار گەرچە گېزىت ـ ژۇرنال كۆرمىسىمۇ، يىغىنلارغا قاتناشمىسىمۇ جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىدى.

ئۇمۇمەن قىلغاندا، قەشقەر شەھرىدىكى ئەينى چاغدىكى «چايخانا» ياكى «ساماۋەرخانا» دەپ ئاتالغان بۇ سورۇنلار ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان. ھازىرقى زامانىۋىلىشىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات، بازار ئىگىلىكى شوئارىنىڭ نەتىجىسىدە بۇ خىل «چايخانا»، «ساماۋەرخانا»لار يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەك چايخانـــىلاردىكى ئۆزگىچە كەيپىياتلارنى تېپىش ناھايىتى قىيىن بولماقتا. ھازىرقى چايخانىلاردا يالغۇز چايلا ئەمەس، بەلكى ئاش ـ تاماق ھەتتا ئانچە ـ مۇنچە ھاراق ـ شارابمۇ ئېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك ناخشا ـ سازلارنىڭ خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئورۇندىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۈنئالغۇلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك سەت ۋارقىرىشى، كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنداق نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ قىلىدىغان پاراڭلىرىغا ھازىرقى تېز سۈرئەتلىك دەۋر مېلودىيىسى ئارام بەرمەيدىغـــان بـــولـــۇپ قالدى. مەن 1992 ـ يىلى سىزغان ماي بوياق رەسىم «چايخانا» مېنىڭ 80 ـ يىللاردا قەشقەر شەھرىدىكى شۇ چايخانىلاردا تۇرمۇش ئۆتكىنىش، خام ماتېرىـــيال توپلاش ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، شۇ ماي بوياق رەسىمدىكى بەزى شەخسلەر ئوبرازى ئەينى چاغدىكى بوۋايلارنىڭ ئوبرازى ئىدى. (بۇ رەسىم «مـــىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىل 4 ـ سانىغا رەڭلىك بېسىلىپ ئېلان قىلىنغان). بۇ ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت ئىچى كۆرگەزمىلەرگە تاللاندى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا كۆرگەزمىلەرگە قويۇلدى. 1997 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ ناگويا شەھىرىدە ئېچىلغان مېنىڭ شەخسىي كۆرگەزمەمگە قويۇلدى، 2001 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك يىغىپ ساقلىغۇچى تەرەپىدىن سېتىۋېلىنىپ ساقلانماقتا.

دېمەك، بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى شۇ چاغدىكى تۇرمۇش كارتىنىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھازىر ئۇنداق ئوبرازلارنى تېپىش ناھايىتى قىيىن. مەن بۇ تېمىنى قايتا سىزىشنى ئويلىغان بولسامۇ، رەسىمنىڭ ئەينى چاغدىكىدەك تولۇپ ـ تاشقان مىللـــىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپ چىقىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

يۇقىرىدا مەن دەپ ئۆتكەندەك بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر ئارقىلىق ئاندىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنى ئاسراش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قانداق يەتكۈزۈش ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. دەۋر توختىمـــاي ئىلگىرىلەيدۇ، شۇنىڭغا لايىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بىراق بۇ ئارقىلىق تارىخىي مەدەنىيەتلىرىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىش ئۆزىنى يوقاتقانغا باراۋەر. باشقىلارنىڭ بىزگە ئەڭ قىزىقىۋاتقىنى بىزدىكى «يېڭىلىق»لار ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقى ئـــۇزاق يىللاردىن بۇيان ياراتقان تارىخىي مەدەنىيەت. ياپونىيە گەرچە تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ياپونلۇقلارنىڭ ئۇزاق تارىخ دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغان. تەرەققىيات ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يېڭىلىق يارىتـــىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى زامانغا لايىق ياشاش ئېڭىنى تىكلەپ، ئۆزگىنى يوقاتماي تۇرۇپ، تەرەققىي قىلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى ھەقىقىي تاپالايدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتمىن

# ماقال ـ تەمسىللەر



ئەسرلەردىن بېرى خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتـ قان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتىلار سۆزلىرىنى 1920 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە يەتتە سۇدىن تارتىپ، ئىلى يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە ئارىلاپ يۈرۈپ يىغقان ئىمىنجان باھاـ ۋۇدۇن تارىخنىڭ ئەمگەك مىۋىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى 1949 ـ يىلى ز. قادىرى، ن. بوساقوپ، ئى. باھاۋۇدۇن تارىخنىڭكى بىلەن ئۈچ كىشىنىڭ بىرلىشىپ چىقارغان ماقاللىرىنى ئىلىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ ئۈچىنچى سانىدا، يەنە بىر قىسمى 1957 ـ يىلىدىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ ، 11 ـ ، 12 ـ سانلىرىدا ئۈچىنچى قىسمى 1988 ـ يىلىدىكى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ سانلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ كىرىش سۆزىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«ئىمىنجان ئاكا باھاۋۇدۇن 3000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى» دەپ يازغانىدى. مانا شۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى ئوقۇر-مەنلەرگە تونۇشتۇرماقچى:

ئات قەدرىنى بىلمىسەڭ،
پىيادە بەرسۇن جازاڭنى.
ئات ئازغىنى تايغا ئەگىشەر.
ئات ئۆلسە ئېگىرى قالار.
ئادەم ئۆلسە ئېتى قالار.
ئات ئورۇق بولسىمۇ، يېغىر بولمىسۇن.
ئاز سۆزلىسەڭ كۆپ ئاڭلايسەن.
ئاستا سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئامالى كۆپ.
ئېشى تېزنىڭ ئىشى تېز.
ئاستا ماڭساڭ يىراق كېتىسەن.
ئەسكىنى ئەيىلگۈچە ئېسىلىڭ كېتەر.
ئەل قەدرىنى بىلمەيدۇ،
ئەل ئىچىدە يامانلار.
ئۆتكۈر پىچاق قېنىغا قەست،
يالغان سۆز جانغا.
ئىچىلىڭ كۆيسە مۇز يالا،
يۈرىكىڭ كۆيسە تۇز.
ئېشەك مىنگەننىڭ ئىككى پۇتى
تىنچ بولماس.
ئىشىك كۆرگەننى ئالما،
بۆشۈك كۆرگەننى ئال.
ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن بىر ئەمەس.
ئېرىق ئۆلسە يەرگە باق،
بالاڭ ئۆلسە ئەرگە.
ئېيىقتىن قورققان
جاڭگالغا بارماس.
خانىنىڭ ئىشى پۇقراسىغا چۈشەر.
سۇ بىلەن پولۇ پىشماس،
ماي بىلەن گۈرۈچ.
ئىنەككە سۇ كۆرسەتمە،
ئەخمەققە قىز.
مۈشۈك ئۇخلىسا چۈشىدە
چاشقاننى كۆرىدۇ.
مىلتىقسىزغا كېيىك ئۇچرار.
نادانلىق قاراڭغۇلۇقتىن يامان.
دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق.
جاننىڭ چىققىنىنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ.
قىزغانچۇقنىڭ گۆشىنى ئىت يەر.
ئوتنى كىم «پۇ» دېسە شۇنىڭ ساقىلى كۆيىدۇ.
چاينىماي يىگەن كۆشمەي ئۆلەر.
تامچا سۇدا تال كۆكرەر.

توپلىغۇچى: ئا. ئى. باھاۋۇدۇن تارىخ

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# ئاپام شۇنداق دېگەن



يېقىندا مەلۇم جايدا مۇنداق مۇھەببەت ھېكايىلىرى يۈز بې-
رىپتۇ:

تاغلىئات بۇغىچاقنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ تاغلىئات.

بۇغىچاق قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام بەدىنىگە گۈل چېكىۋالغانلاردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

مۇشۇكئېيىق تايچاقنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بىراق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ مۇشۇكئېيىق.

تايچاق قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام قاراكۆزەينەك تاقىۋالىدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلە دې-
گەن.

مېكىيان ئۆردەكنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ مېكىيان.

ئۆردەك قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام مېكىيان دەپ ئاتىلىدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

ئۆمۈچۈك چۈمۈلىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بىراق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ ئۆمۈچۈك.

چۈمۈلە قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام ئەتىگەندىن كەچكىچە تورغا چىقىۋالىدىغانلاردىن ھە-
زەر ئەيلە دېگەن.

كۆز بۆرۈننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىقا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ كۆز.

بۆرۈن قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسەيدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

گولف توپ كالتىكى تەكتاك توپنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بى-
راق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ گولف توپ كالتىكى.

تەكتاك توپ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام ئىلمەك بۇرۇنلاردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

يىلان تاشپاقىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق مۇھەببەت ئىز-
هار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ يىلان.

تاشپاقا قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام نامرات بولسىمۇ مەيلى، بىراق بىرەر جىلتكە كىيىۋې-
لىشقىمۇ قۇربى يەتمىگەنلەردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

ئاپېلسىن ئالمىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ ئاپېلسىن.

ئالما قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام كىيىمنى ئاسانلا سىلىۋېتىدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

چەينەك پىيالىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق، مۇھەببەت ئىزهار قىلىدىغان ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپتۇ.

—بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ چەينەك.

پىيالە قورقۇمسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپام ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېغىزى يۇمۇلمايدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلە دېگەن.

توپلىغۇچى: قەيسەر ئابلىكىم

(ئاپتور: ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى مائارىپ مۇبەتتىش ئىشخانىسىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

2005.6

# ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس



مۇھەممەد ئاللابەردى ۋە ئۇنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى توغرىسىدا

«خەلق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ غول ئېقىمى، مىللىي روھىنىڭ تۈۋرۈكى، خەلق قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئەڭ دەسلەپ تۇرمۇش زۆرۈرىيىتىدىن يارىتىلىپ، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە يۈكسىلىپ، كېيىنچە ئەقلىيەت بىلەن تويۇنغان مىللىي ھاياتنىڭ يارىشىملىق بېزىكىگە ئايلانغان. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك زېمىندىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەنىسى چوڭقۇر، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، رەڭدار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېستېتىك ئىستەكلىرى، تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، قەدىمىي ۋە يەرلىك مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا يارقىن مىللىيلىك، ساددا، سەمىمىي ھېسسىيات، ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى تەپچىرەپ تۇرىدىغان خەلق قول بۇيۇملىرىنى مودا بولۇۋاتقان دەۋر مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش بىھاجەت. ئۇ ئەسەرلەر ياراتقۇچىلىرىدەكلا ساددا، ئەمما تولىمۇ سۆيۈملۈك ھەم ئۇلارنىڭ روھىدەك قىممەتلىك». شۇ كۆركەم قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىغا قارىساق كىشىلەر تەرىپىدىن كېرەككە كەلمەيدۇ، دەپ قاراپ تاشلىۋېتىلگەن ھەر خىل نەرسىلەر بۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندە ئەپچىل، سىپتا، نەپىس كۆرۈنۈشكە كىرىپ، بەلگىلىك ئېستېتىك قىممەت ۋە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەنە شۇ قول ھۈنەر ئۇستىلىرىنىڭ بىرى بولغان لوپ ناھىيە دول يېزا دۆڭئازمە كەنتىدىكى مۇھەممەد ئاللابەردى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا گۈزەل سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولسىمۇ، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئوقۇش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق

بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىكى دېھقانلارنى، يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ئۆزى خالىغان ئۇسلۇبتا سىزدى، ناھىيە بازىرىغا چىقىپ، ئۇستىلاردىن نەققاشچىلىق، سىرچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەندى.

بىر يىل تەييارلىق قىلىپ ناھىيە بازىرىدا ۋىۋىسكا ئىشلەش، ماي بوياق رەسىم، بېزەكچىلىك، ئېلان، تەشۋىقات ئىشلىرى بىر گەۋدىلەشكەن «قەلب قول ھۈنەر ـ سەنئەت بېزەكچىلىك ئورنى»نى قۇرۇپ، سودىگەر، كارخانىچىلار ئۈچۈن ياخشى بولغان ئېلان سورۇنى ھازىرلاپ بەردى.

1998 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدا قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىغا بولغان قىزىقىش پەيدا بولۇپ، ھەر خىل بۇيۇملارنى زىننەتلەشنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان گۈل ئويۇلغان قاپاقلار، قاپاق ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاپتۇۋا، چىلاپچا، رېھىل، لوڭقا، ئاياغ، جاملار قىممەتلىك تاۋارغا ئايلاندى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 2004 ـ ، 2005 ـ يىللىق ئۈرۈمچى سودا كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. 1 ـ ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك خوتەن قاشتېشى مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى، 2004 ـ يىللىق تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى، 2004 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقان، چارۋىچىلار يەرلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئۇ ئىشلىگەن «جانسىز بۇيۇملار» ناملىق كەشتە ئەسىرى خوتەن گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. قاپاق بۇيۇملار 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى لايىھەلەش مۇسابىقىسى ۋە 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق خەلق قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى باھالاش گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى. دېمەك، ھۈنەرلىك كىشى خار بولمايدۇ. خەلقىمىز بۇنداق ئېسىل ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئەتىۋارلايدۇ، ھۈنەرۋەنلەرگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. «ھۈنەر قىلسا ئۈنەر!»

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتتىمىن

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقات، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقاد... قاتارلىق مەزمۇنلاردا ماقالە ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـــ (0991)

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۇنۇم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇنقىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئۇبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۆلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر. «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
تېلېفون نومۇرى 4554017 ـ 0991
E- mail: miras uyghur@ 126. com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى













2005.6



مېنىڭ يېزام



كەشتە رەسىم « مېۋە - چېۋە »



پولات ئابدۇرېھىم خوجا فوتوسى

# 美拉斯

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治
区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》编辑部
(乌市友好南路22号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
邮编:830001　定价:5.00元

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.
تۈزگۈچى:«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە
بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
E-mail: mirasuyghur@126.com
باھاسى: 5.00 يۈەن